مەملىكەت بويىچە 100 ... ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېستىمىسىغا كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# 美拉斯
# MIRAS



# ميراس

1
2016

ISSN 1004-3829
02>
9 771004 382027

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرى

(باش كىيىملىرى)






# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال 2016 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي 153 - سان)


## دەۋر ۋە ئەنئەنە


كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى ئىدىيەۋى مەزمۇنلارنى زامانىۋى تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاش توغرىسىدا ........ نۇرمۇھەممەد تۇردى (1)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


لاچىن ۋە لاچىننىڭ ئالاھىدىلىكى ...... ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن (5)

11 - ئەسىردىكى قاتناش ۋە پوچتا ............ مامۇت قۇربان (44)

«قۇتادغۇبىلىگ»تىكى لائىكلىق چۈشەنچىسى ...... يۇسۇپجان ياسىن (50)

كەلپىننىڭ قەدىمىي كارۋان يوللىرى ۋە تۆگە كارۋانچىلىقى .............................. مۇھەممەد توختى (66)

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشى ۋە توي مۇتىفى ھەققىدە ........ مېھرىبان نىياز چوغلۇق (71)


## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار


مەسەللەر ........................ ئابدۇجېلىل تۇرسۇن (9)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


شەرق - غەرب ئەدەبىياتىدىكى يەكچەشمە مۇتىفى ............ لاك يىلك (10)

ئاجەر ئېگىزلىك تاسلى ............ ئەزىزەم تۇيغۇن تەرجىمىسى (62)


## پەرھىزلىرىمىز


ئۇيغۇرلاردىكى «يامان بولىدۇ» توغرىسىدا ........ دۆلەت ئاقنىياز (19)


## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


ئۈچتۇرپاندىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى ھەققىدە ئىككى رىۋايەت ...... ........ توپلىغۇچى: ئابدۇلھەمىد خۇدابەردى مۆلجەرى (24)






نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**
**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئادەت قىرىماس

دوپپا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا ... مۇھەممەدقازى ئەيسا (27)
كۇچا مەشرەپلىرىدىكى ئېتنوگرافىيەلىك ئادەتلەر ... نەسرىدىن ھاپىز (37)
شىر تۇتىم مەدەنىيىتىنىڭ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىزناسى ... ئېلشات ئەيسا (41)

## يا ئىشەن، يا ئىشەنمە

ئۇيغۇرلاردا تەبىر - بىشارەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ...... سابىرجان سېيىت (31)

## مىراسلىرىمىز

خەلقىمىزدە ياغاچ كومزەك (كورا) ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ..............
.................................... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (34)

## يورۇق يۇلتۇزلار

خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى خەلپىتىم ......... ئەخمەت مۇھەممەد (58)

## ئادەم قۇلاقتىن سەمىرەر

خۇيزۇ خەلقىنىڭ «خۇائېر» ناخشىسى ھەققىدە ..........................
.................................... مېھرىگۈل قادىر خەۋىرى (77)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 153 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «سەنەم» مىنياتۇرا رەسىم نەۋبەت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 2 -، 3 -، 4 - بېتىدىكى ئۈچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


保护文化遗产
捍卫精神家园


社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编辑）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى ئىدىيەۋى مەزمۇنلارنى زامانىۋى تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاش توغرىسىدا



نۇرمۇھەممەد تۇردى

ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول، بېشىدىن كەچۈرگەن ئۆتمۈشى مۇرەككەپ، دەۋر سىناقلىرىدا تاسقىلىپ تا بۈگۈنگىچە ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن بىر قوۋمدۇر. تارىختا نۇرغۇن سەلتەنەت سۈرگەن خاندانلىقلار، قوۋملار ھازىرقى كۈندە ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. ئەمما ئۇيغۇر قوۋمى ھېلىھەم ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ، تۇرمۇشىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

شۇنچە قەدىمىي، تارىختا مىسلىسىز تەسىر قىلغان قوۋملارنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدا غايىب بولۇشى بۇ بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەھۋال. بىر مىللەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بۇ قوۋمنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە سادىق بولۇپ ياشاپ كېلىشىدىن باشقا يەنە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتقا ئېتىبار بېرىش، يېڭىلىققا يۈزلىنىش، ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش، باشقا قوۋملارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يېتىش، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىگە ماسلىشىشلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدىن بېرى ئۆز مەدەنىيىتىگە

ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە دەۋر ئېھتىياجى بويىچە ئىلـ
غارلىققا يۈزلىنىپ باشقىلاردىن ئۆگىنىپ زامانغا بېقىپ
ياشاپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. يېڭى دەۋردە ئۆزگىرىشـ
لەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ 21ـ ئەسىردىكى
مۇنۇ ئۇچۇر ئىنقىلابى زامانىدا بىز قوبۇل قىلغان شەيئىـ
لەر، مەدەنىيەتلەر، ئىدىيەلەر، يېڭىلىقلار ئۈزلۈكسىز ئاۋۇـ
دى. يېڭى شەيئىلەر تۇرمۇشىمىزغا قولايلىقلارنى ئېلىپ
كەلدى. ئۆزگىچە مەدەنىيەت بىزنى يەر شارىلىشىش بوـ
سۇغۇسىغا قىستىدى. ئىلغار، ئېچىۋېتىلگەن، ئەركىن تەـ
پەككۇرغا باشلايدىغان ئۆزگىچە دۇنياۋى قاراشلار بىزنى
بەزى قاتمال تۇيغۇلىرىمىزدىن نېرى قىلدى. ئەمما ھەر
شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىغا ئوخشاش بۇ خىل تەسىر
قىلىش، يېڭىلىققا يۈزلىنىش ئەھۋالى بىزگە بەزى سەلبىي
نەتىجىلەرنىمۇ تەڭ ئېلىپ كەلدى. بۇ سەلبىيلىك دەل
بىزنىڭ تۇرمۇش ئۆرپـ ئادەتلىرىمىزدە، مەدەنىيىتىمىزـ
نىڭ يىمىرىلىشىدە، ئۇزاق مۇددەت تارىخىي جەرياندا شەـ
كىللەنگەن دۇنيا قاراشلىرىمىزدا، قوللىنىۋاتقان تىل ئادەتـ
لىرىمىزدە، قىلىۋاتقان ئىشـ ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىمىزدە
ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەمەلىيەتتە ناھايىتى
ئۇزاق بىر جەريان كېتىدۇ. بىر قوۋمدا شەكىللەنگەن مەـ
دەنىيەتنىڭ يەنە بىر قوۋمغا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈنمۇ
بەلگىلىك بىر زامان جۇغلانمىسى بولۇشى كېرەك. ئەمما
كومپيۇتېر تورىنىڭ شەكىللىنىشى ئارقىسىدا ئۇچۇر ـ ئالاقەـ
نىڭ يەتكۈزۈلۈشى تېزلەشتى. يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر
شەيئى، ئاڭ، مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېچبىر ۋاقىت ئۆتـ
مەيلا پۈتۈن جاھانغا تارايدىغان بولدى. بۇ يېڭىلىقلارنى
قوبۇل قىلىش كېرەك بولدى. قوبۇل قىلدۇق، بىز بۇ
ئۆزگىچىلىكلەرنى ئادەتلىرىمىزگە ئايلاندۇرۇپ تۇرمۇشـ
مىزنى بېيىتتۇق. ئوكيانلار ئايرىپ تۇرىدىغان ئامېرىكا
قىتئەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى
ھايال ئۆتمەيلا بىزگە يېتىپ كېلىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغـ
مۇ تەسىر قىلماقتا. ئەلۋەتتە بىزدىكى سەنئەت تۇيغۇسى
ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۆلمەس تۇيغۇدۇر. نېمىشقا بۇنداق
دەيمىز؟ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىمىزنى مۇنۇ تەرەپلەرـ
دىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرى، بىز ئامراق بۇ سەنئەت
قەدىمدىمۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق ھادىسە بولغاچقا،
بىز ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ سەنئەتتىن سۆيۈنـ
مىز. قەدىمگە ۋارىسلىق قىلىشمۇ مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىشىـ
دىكى بىر يول. يەنە بىر بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاقتىن
بېرى ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش
جەريانىدا ئۆزىگە بىر خىل ئەمىنلىك، ئازادىلىك، نىجاتلىق
ئىزدەش خاھىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئىنتىلىشىدىنـ
دۇر. بۇنى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان تەبىئى ۋە ئىجتىمائىي
مۇھىت تەسىرىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ھەم دۇنـ
يادىكى چوڭ چۆل تەكلىماكاننى چۆرىدەپ ياشىغۇچى
قوۋم ئۈچۈن بىر خىل ئىستەك يۈرەكنىڭ چوڭقۇر يېرىدە
ھەر زامان ساقلانغان بولىدۇ. ئۇلاردا ئاشۇ مۇھىتتىن ئۆـ
زىنى خۇش ئېتىدىغان بىر مەنىۋى مەدەت بولۇشى
كېرەك. شۇندىلا بۇ زېمىندا ياشىغۇچىلار ئاشۇ ناچار تەبىـ
ئىي شارائىتتىمۇ ئۆز مۇھەببىتى بىلەن تۇرمۇشقا باقالايدۇ.
مۇھەببەت بولمىسا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈلىدۇ، مانا مۇشۇ
ناخشاـ ئۇسسۇلمۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئاكتىپ
پوزىتسىيەسىدۇر. ھەرقانداق جاپالىق كۈنلەردىمۇ ۋايسـ
ماي يەنە تېخى ياڭراق ئاۋازىدا ناخشا ئېيتىشقا رايى باردـ
دىغان قوۋم دەل ئۇيغۇرلاردۇر.

كىرمە مەدەنىيەت گېپىگە كەلسەك، ئەمدى بىز مەـ
دەنىيەت ھادىسىلىرىگە قانداق يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟ بىز
يېڭىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ياق. تارىختىن
بۇيان ئالغان تەجرىبىمىز شۇكى، ئۆز ئەقىدىمىزگە ۋارىسـ
لىق قىلغان ئاساستا توختاۋسىز يېڭىلىققا يۈزلىنىش، ئۆزدـ
مىزنى تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت بىلەن تەڭ قەدەمدە
كۆچلەندۈرۈپ مېڭىش، ئىلىمـ پەنگە يۈرۈش قىلىش ئۆـ
زىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاشتىكى ئاساسىي
يولدۇر. باشقىلاردىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت بىزنى يېـ
ڭىچە تەپەككۇرغا، ئۆزگىچە دۇنيا قاراشقا مايىل قىلالىسا
ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاپ ئەقلىي يوسۇندا تەنقىـ
دىي قوبۇل قىلساق بولىدۇ. ئەمما بىز مۇشۇ كىرمە مەدەـ
نىيەتلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى تەسىرىگە سەل قارىماسلىقىـ
مىز لازىم. ئۆزىمىزدە ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەتنى راـ
ۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە جەمئىيىتىمىزدىكى يەر شارىلىـ
شىش خاراكتېرلىك كىرمە مەدەنىيەتلەرگە تەڭ مۇئامىلە
قىلىش، مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاش ۋە يېڭىلىققا قايسى يول
بىلەن يۈزلىنىش ھەققىدە توغرا ئاڭ تۇرغۇزۇشىمىز لازىم،
شۇندىلا جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
بەزى ناچار خاھىشلاردا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن.

جەمئىيەتتە بەزى ئادەملەر كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە چەكتىن ئاشقان بىمەنە قىلمىشلاردا بولۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇلار دەل ئۆزىنىڭ ئەسلىي يىلتىزىنى بىلمىگەن، ئاتا-بوۋىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان، ئاتا-بوۋىسىمۇ نۇرغۇن ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئىلىملەرنى ئۆز پەرزەنتىگە توغرا ئۇسۇلدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن، ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولمىغان. ئۆز مەدەنىيىتىنى بىلمىگەنلىكتىن غەربتىن كىرگەن غەيرىي مەدەنىيەت ئالدىدا ئۇنى توغرا ئۇسۇلدا تەنقىدىي قوبۇل قىلغۇدەك ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ كەملىكىدىن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆز تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بىلىش، كەملىكىنى تونۇپ يېتىش، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ باسقان ئىز-قەدەملىرىنى، تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئەسلەش بىلەن بىللە، تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق زامانىۋىلىقا، يەر شارىلىشىشقا يۈزلىنىش ئەڭ توغرا يولدۇر.

دېمەك، زامانىۋىلىشىشقا ماسلىشىشىمىز ئۈچۈنمۇ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى بىلىش ئۈچۈن قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنى كۆرۈپ، ئۇنى تەھلىل قىلىشىمىز زۆرۈردۇر. قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قەدىمدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يېزىقلىرىنى پۇختا ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئاغزاكى ئەدەبىياتى يىراق قەدىمكى ئەمگەك قوشاقلىرى، ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن باشلىنىدۇ. قوشاقلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى يېزىق بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن بولۇپ، ئاساسەن ئاغزاكى ھالەتتە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنى كېيىنكى كىشىلەر يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن قەلەمگە ئالغان. بىز بۇ يەردە ئاساسلىقى يازما ئەدەبىيات ھەققىدە توختىلىمىز.

«ئۇيغۇر قەدىمكى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىمىزنى قەدىمكى تۈرك تىلى يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىن باشلاندى دەپ قارايمىز»①. بۇ دەۋر دەل ئورخۇن ئۇيغۇر خانىدانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ. بۇ چاغدا قالدۇرۇلغان، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، ئەدەبىي، تارىخىي قىممىتى پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپقا ئېرىشكەن يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن مەڭگۈ تاش ئەسەرلىرىدۇر. مەسىلەن، كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى دېگەن تاش - ئابىدىلەردە قەدىمكى تۈرك تىلى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن قالدۇرغان قىممەتلىك سۆزلىرى بار. بىز مۇشۇ تاش ئابىدىلەردىكى خاتىرىلەردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆتمۈشى ۋە ھايات پائالىيەتلىرىنى كۆرەلەيمىز. كۈلتېگىن ئابىدىسىدە مۇنداق بىر مەزمۇن سۆزلىنىدۇ: «ئەي خەلق ئاڭلا! ئەسكى خۇيلىرىڭنى تاشلا ۋە پۇشايمان قىل، ئۆكۈن! نادانلىقىڭلار ۋە ئەسكى قىلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقسىزلىنىپ، قارنى ئاچ، دۈمبىسى يالىڭاچ، يوقسۇل ۋە بىچارە ھالەتتە ياشىدىڭ» ②. دېمەك، بۇ قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئۈستىدىكى تېكىست مەزمۇنىدا كەڭ قورساقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى، ئىتتىپاق بولمىغاندا ئەل ئەمىن بولماي، خەلق يامان كۈنگە قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

تەبىئىي ئاپەت ۋە ياۋلارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانىدانلىقى ئۈچ لىنىيە بويىچە غەربكە كۆچۈپ، گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنى كۆرسىتىدۇ). ئۇيغۇر خانىدانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقى (تۇرپاننى مەركەز قىلغان) ۋە قاراخانىلار خانىدانلىقى (قەشقەرنى مەركەز قىلغان)نى قۇرغان. بۇ دەۋرلەردىمۇ كاتتا-كاتتا ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرغان. مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن، ھەرقايسى ئەسەرلىرىمىزدە بىلىم ئېلىش، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ۋەتەنپەرۋەر بولۇش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، باتۇرلۇق، تەكىتلەنگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مۇنداق ئەقلىيە سۆزلىرىمىز بار③:

بىلىگ بىلىلىڭ يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە،
بىر كۈن دەۋلەت تۇش بولۇر.

يەشمىسى:
بىلىم ئۆگىنىڭ ئەي بەگىم،
بىلىم ساڭا دوست بولۇر.
بىلىم ئۆگەنگەن ئۇ ئەرگە،
بىر كۈن دۆلەت يار (ھەمراھ) بولۇر.

ئەردەملىگ كىشى ئەردىن بىرلە تۈز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول.
يەشمىسى:
ئەخلاقلىق كىشى گۆھەر بىلەن تەڭدۇر،
ئەخلاقسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەك بىلەن تەڭ.

مانا بۇ شېئىرلىرىمىزدا بىر خىل ئاددىي ھەم چىن بولغان دۇنيا قاراش ئەكس ئەتكەن. بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندىلا تونۇپ يەتكەن. بىلىم گويا ياخشى دوست بولۇپ، بىزگە بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ھاياتقا چىن قەلبىمىز بىلەن دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشىمىز، ھەرقانداق ئىشتا ھەققانىي، ئادىل بولۇشىمىز تەكىتلەنگەن. ئەخلاقلىق كىشىنىڭ گۆھەرگە ئوخشايدىغانلىقى، ئەخلاقسىز كىشىنىڭ پىتەككە ئوخشاش قىممەتسىز ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى، ئاچچىق قىسمەتلىرىنى، تارىختىن ئالغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەدەبىي ئەسەر ھالىتىدە مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ بۈگۈندىن كېيىن قانداق ياشاش، قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلىش ھەققىدە بىزگە مىڭ نەچچە يىللار بۇرۇنلا ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

تارىخ داۋاملىشىۋېرىدۇ. بىر قوۋمدىكى كىشىلەرلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى، زامانىۋىلىق يۆنىلىشىدىن كېيىن قالماسلىقى لازىم. ئەگەر دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئۆز-ئۆزىمىزنى تولۇقلاپ ماڭمىساق، ھامان كەلگۈسى رىقابەتلىك دۇنيادىن شاللىنىپ كېتىمىز.

تىل بايلىق بىر قوۋم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەنىۋى تۈۋرۈكتۇر. ئەجدادلىرىمىز تىل ۋاستىسى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، بىزلەرگە ناھايىتى مول پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئىلىمگە بېرىلگەن، ئىلىم يولىغا ئۆزدىنى بېغىشلىغان قوۋم. ئىلىم ئېلىش، ئىلىمنى تارقىتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا بېرىپ نۇرغۇن جەبىر-جاپالارنى تارتقان، ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، كىشىنىڭ يۇرتىدا سەرسان-سەرگەردان بولسىمۇ، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلىرىمىز ساناقسىز. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ھېرىسمەن، ئىجتىھاتلىق ئادەم ئىدى. ئۇ ياشىغان قاراخانىلار زامانىسىدا بىزگە ئەرەب، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پارس مەدەنىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. ئەدىبلىرىمىز ئەرەبچە، پارسچىدا ئەسەرلەرنى يازاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ئاشۇ ئانا تىلى تۈركىي تىلىنى قەدىرلىمەيۋاتقان كىشىلىرىمىزگە تىلىمىزنىڭ ناھايىتى پاساھەتلىك، سۆز بايلىقىغا مول تىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ قالدۇرغان. ئەمما بۇ ئەسەرنى يېزىشمۇ ناھايىتى مۈشكۈل بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي قولىغا قەلەم ئېلىشنى باشلىغان ۋاقىتتا يۇرتى قەشقەردە زور قالايمىقانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، خان جەمەتىدىكى ئىچكى تار، ئەقىلسىز ھۆكۈمرانلار دەستىدىن پۈتۈن يۇرت ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، ئۇرۇش ئوتى يانغىلىۋاتقان بىر زامان ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن ئامالسىز ھالەتتە يۇرتىنى تاشلاپ ياقا-يۇرتلارغا چىقىپ پۈتۈن تۈركىي تىللىق يۇرتلارنى كېزىپ چىقىپ، ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. شۇنچە جەبىر-جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئەسەر ئاخىر ھىراتتا تاماملانغان. دېمەك، بىر ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى بىر مۈشكۈل جەرياندۇر. مەھمۇد كاشغەرى مىڭ يىل بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان ئاشۇ بىباھا كىتاب پۈتۈن تۈركىي تىللىق قوۋملار ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر.

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:
① «ئەدەبىياتىمىز نىمە دەيدۇ» ئابدۇبەسىر شۈكرى، 120-بەت، 3-قۇر.
② «ئورخۇن ئابىدىلىرى»، تالات تەكىن، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 55-، 57-بەت.
③ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، تۇرسۇن ئايۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 54-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى)



# لاچىن ۋە لاچىننىڭ ئاللاھىدىلىكى

پۈتۈن مەۋجۇدات يەر يۈزىگە ئاپىرىدە بولغاندا، يەر يۈزىدىكى بارلىق جان-جانىۋارلار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۆزىگە بىر پادىشاھ سايلاش قارارىغا كېلىپتۇ، كۆپچىلىك «قولىدىن ئىش كېلىدىغان جانىۋار پادىشاھ بولىدۇ» دېگەن مەسىلىدە بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئۆزئارا كېلىشەلمەپتۇ. ئاخىر ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ يوغان بىر تاشنى كۆرسىتىپ كىم مۇشۇ تاشنى پارچىلىيالىسا شۇ پادىشاھ بولسۇن، دېگەن مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. تاش قۇشلاردىن ئېغىر بولغاچقا ھېچقانداق قۇشنىڭ ئۇ تاشنى پارچىلاشقا ئەقلى يەتمەي، بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا لاچىن مەن پاچاقلايمەن دەپ ئاسماننىڭ قەرىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ھەممىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپتۇ، قۇشلارنىڭ بەزىلىرى ئاسمانغا قاراشسا، بەزىلىرى بىر-بىرىگە «قانداق پارچىلايدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال بىلەن قارىشىپتۇ، لاچىن ئاسماندىن ئوقتەك غۇيۇلداپ كېلىپ تاشنىڭ ئۈستىگە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ-دە، تاش يېرىلماپتۇ. لاچىن ئاسمانغا يەنە كۆتۈرۈلۈپ ئىككىنچى قېتىم

كېلىپ ئۆزىنى يەنە ئۇرۇپتۇ، تاش يەنە يېرىلماپتۇ، ئۇچىنـ
چى قېتىم تېخىمۇ ئېگىزدىن كېلىپ تاشقا ئۆتكۈر تىرناقلىـ
رى بىلەن ئۆزىنى شۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىكەن تاش
يېرىلىپتۇ. لاچىن ئايلىنىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا يېرىلـ
غان تاشنى باشقا قۇشلار يەنە چاپلاپ قويۇپتۇ ـ دە، ھەمـ
مىسى ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردەك «سەن تاشنى
يارالمىدىڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لاچىن ئۇلارنىڭ بۇ نامەرتـ
لىكىگە ئېچىنىپ «مەن تاشنى يارغان تۇرسام، نېمشقا
بۇنداق دەيسلەر» دەپ قاتتىق نالە قىلىپ يىغلاپ كېتىپـ
تۇ، شۇ ئىش تۈپەيلى لاچىننىڭ كۆزىدە ئىككىلىك ياشنىڭ
نىشانى قېتىپ قالغانىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا بۈركۈتنىڭ بەستى يوغان بولغاچقا
باشقا قۇشلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق
نامدا بۈركۈتنى پادىشاھ دەپ سايلىغان بولسىمۇ، ئەمەلـ
يەتتە ھەممىسى كۆڭلىدە لاچىننىڭ ھېچكىم قىلالمايدىغان
ئىشنى قىلالايمەن، دەپ ئوتتۇرىغا مەيدە كېرىپ چىققانلىـ
قى ۋە ئاخىرىدا شۇ ئىشنى رويابقا چىقارغانلىقى سەۋەبـ
دىن ئۇنى «پالۋان» دەپ ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭدىن قورـ
قىدىغان ئادەت قالغان ئىكەن. لاچىننىڭمۇ ھەرقانداق
ئولجىغا ئۈچ قېتىم تېگىش قىلىپ ئېلىشى ۋە ئالغاندىن كېـ
يىنمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى چۇقىلاپ يېيىشىگە
ئاشۇ قېتىملىق ئىش سەۋەب بولغانمىش.

**لاچىننىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرى**

لاچىن ــ سېرىق لاچىن، بەرى لاچىن، شۇڭقار، شىـ
تەلگىدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە رەڭ
جەھەتتىن ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاسا ـ
سەن مۇشۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكى، بېشىنىڭ كومباشلىقى، قاـ
نىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، قۇيرۇقىنىڭ قىسقىلىقى، كۆتمەكرەك
كۆرۈنۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوپمۇئوخشاشلىققا ئىگە.
ئاساسلىق ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكـ
لىكى ئۆردەك گۆشى، ئاندىن قالسا كەپتەر، بېغىرتاق قاـ
تارلىقلار. بولۇپمۇ ئۆردەك ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىـ
كى بولىدۇ، ئۇلار ئادەتتە يەر يۈزىدىن نەچچە 1000
مېتىر ئېگىزلىكتە يەنى ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچۇپ، قەيەرـ
دە ئۆردەكنىڭ قارىسى بار شۇنى ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، ئۆرـ
دەكنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئوقتەك شۇڭغۇپلا ئۇنى
ئالىدۇ، ئۇ ئېتىلغان ئولجىنى ئالماي قويمايدۇ. پەقەت
ئۆردەك تاپالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن بېغىرتاق
بىلەن كەپتەرنى ئوۋ نىشانى قىلىدۇ.

**لاچىننىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش جەھەتتە قارىچىقىـ
غا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى**

لاچىن ئادەتتە ئاسماننىڭ قەرىدە ھېچقانداق جانلىقـ
نىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىش ھالىتىدە
ئوۋ ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، قارچىغا بولسا قويۇق ئورمانلىق ئىـ
چىدە دەرەختىن ـ دەرەخكە يۆتكىلىپ بۆكمە ھالەت بويىچە
ئۇچۇپ، ئوۋ ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، بۈركۈت كەڭ كەتكەن
ئېدىر، دالا ـ قىشلاقلاردا لەيلىمە ھالەتتە ئۇچۇپ، ئوۋ
ئىزدەپ يۈرۈيدۇ. قارچىغا دەرەخلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە
تۆۋەن قىسىملىرىغا قونىدۇ، بۈركۈت تاغنىڭ چوققىلىرىغا،
ھۆل دەرەخنىڭ يان يوغان ياغاچلىرىغا، ئېگىز دۆڭنىڭ
چوققىلىرىغا قونىدۇ، لاچىن ھۆل دەرەخكە قونمايدۇ،
پەقەت قۇرۇپ كەتكەن، يوغان دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا ۋە
ئېگىز تاغ ۋە دۆڭلەرنىڭ ئۇچىغا قونۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئاـ
دەتتە ئادىمىزاتنىڭ ئايىغى تەگمىگەن ئىنتايىن ئىچكىرى
ھەم چەكسىز كەتكەن، مۇھتى جىمجىت، چۆل ـ ئېدىرلاردا
يۈرۈيدۇ. لاچىن ئادەتتە كۆل ۋە دەريالار ۋە شۇ يەردە ياـ
شايدىغان ئۆردەكلەرنى ئاساسلىق نىشان قىلىپ ياشايدۇ.

لاچىننىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى قارا بولۇپ، ئۇ 2000
مېتىر ئېگىزلىكتىمۇ يەر يۈزىدە چاشقان چوڭلۇقىدىكى نەرـ
سىلەرنى ئىلغا قىلالايدۇ، قارچىغىنىڭ كۆزى سېرىق رەڭدە
بولۇپ، 700 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ يەر يۈزىدىكى
چاشقان چوڭلۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلالايدۇ. بۈرـ
كۈتنىڭ كۆزى قوڭۇر رەڭ قارا بولۇپ، 1000 مېتىر ئېگىزـ
لىكتە ئۇچۇپ يەر يۈزىدىكى چاشقان چوڭلۇقىدىكى نەرسىـ
لەرنى ئىلغا قىلالايدۇ. لاچىن ئېگىزدە ئۇچقاچقا ئاساسلىقى
ئۇچىدىغان جانىۋارلارنى يەيدۇ، ئۇلار سار ۋە چۈژگىنەك
قاتارلىق قۇشلار تۇتۇپ يەيدىغان سېرىق قۇيرۇقتەك (ھاـ
زىرقى كۆك چاشقانلارنىڭ چوڭلۇقىدىكى جانىۋار) ئۆملەيـ
دىغان جانىۋارلارنى يېمەيدۇ. پەقەت تۇتۇپ قولغا كۆندۈـ
رۈپ، توشقانغا ياندۇرغاندىن كېيىن توشقاننى يەيدۇ.

**لاچىننىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ پەرقى**

لاچىننىڭ ئەركىكىنىڭ پاچاق ۋە تىرناقلىرى توم كېلىـ
دۇ، چىشىسىنىڭ زىلۋا كېلىدۇ. ئوۋغا ئەركىكىگە قارىغاندا
چىشىسى يامان كېلىدۇ، چىشىسى بالا باققاچقا ئوۋ تەجرىبىـ
سى مول ۋە ئىشچان كېلىدۇ. ئەركىكى سەل ھورۇن كېلىدۇ.

سېرىق لاچىن: ئادەتتە جۇغى كىچىك بولۇپ، مەيـ
دىسى ئاق سېرىق، دۈمبە قىسمى، بارماق ۋە بېغىشلىرى
سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى كەپتەر، پاختەك، بېـ
غىرتاق، ئۆردەك... قاتارلىق كەپتەر تىپىدىكى كىچىكرەك

ئولجىلارنى ئېلىپ يەپ قورسىقىنى بېقىش بىلەن بىللە مۇشۇ ئولجىلارنىڭ گۆشى بىلەن بالىلىرىنىمۇ باقىدۇ. بۇلاردىن چوڭ بولغان ئولجىلارغا ئادەتتە چاڭ سالمايدۇ، چاڭ سالغان تەقدىردىمۇ ئۇۋلىيالمايدۇ.

**بەرى لاچىن:** ئۇنىڭ جۇغى سېرىق لاچىندىن چوڭراق بولىدۇ، مەيدىسى قارا چېكىتلىك، دۇمبە قىسمى قارىغا مايىل كۆل رەڭ كېلىدۇ، بېغىش ۋە بارماقلىرى ئاقۇش كېلىدۇ. توشقان، كەكلىك، قىرغاۋۇل... قاتارلىق توخۇ تىپىدىكى سەل چوڭغا مايىل ئۇچار قۇشلارنى ئېلىپ يەيدۇ.

**شۇڭقار:** بۇ لاچىن ئائىلىسىدىكى جۇغى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك، شۇنداقلا ئەڭ ۋەھشىي كەلگىنى بولۇپ، رەڭگى مەيدىسى سۇيۇق ئاق-چار بولىدۇ، دۇمبە قىسمى يوللۇق چار رەڭلىك تۇتۇق، توپا رەڭ ھالەتتە، بېغىش ۋە بارماقلىرى تۇتۇق ئاق سېرىق رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئاسماندا ئۇچقان ھەرقانداق ئۇچار قۇشنى ئۇنىڭ قايسى خىل قۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇۋلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مۇشۇ خىل خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇچار قاناتلارنىڭ پالۋىنى سانىلىدۇ، شۇڭقارنىڭ ئېلىپ يېيەلمەيدىغان ھېچ نەرسىسى يوق، ئۇ قارچىغا، بۈركۈت قاتارلىقلارنى يەپ قالماستىن بەلكى ئۆز ئائىلىسىدىكى باشقا لاچىنلارنىمۇ يېيەلەيدىغان ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ يىرتقۇچ، ئەڭ پالۋان جانىۋارلارنىڭ بىرىدۇر.

**شىتەلگە:** شۇڭقاردىن سەل كىچىك، قانىتى ئۇزۇن، گەۋدىسى كەڭ، قۇيرۇق قىسمى كەلتەك كېلىدۇ، مەيدىسى قارامتۇل چار رەڭلىك، دۇمبە قىسمى قارامتۇل، بېغىش ۋە بارماقلىرى قىسقا ھەم توم بولۇپ، كۆپكۆك رەڭلىك، يەنى پىيازنىڭ كۆكى ھالەتتە بولىدۇ، شىتەلگىنىڭ جۇغى سېرىق لاچىن ۋە بەرى لاچىندىن چوڭ ۋە شۇڭقاردىن كىچىك بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق كەپتەر، بېغىرتاق، كەكلىك، قىرغاۋۇل، توشقان، ئۆردەك... قاتارلىق خىلى-خىلى چوڭ كەلگەن ئۇچار جانىۋارلارنى ئېلىپ يېيەلەيدۇ.

لاچىن ئائىلىسى ئادەتتە مەيلى قايسى بولسۇن، ئۇۋا باسقاندا تۆت تۇخۇمنى بېسىپ يېتىپ، گاھى بىر-ئىككىنى، كۆپ بولغاندا ئۈچنى چىقىرىدۇ. تۆتنى چىقارغان ئەھۋالدىمۇ تۆت چۈجىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، نېمىشقا دېگەندە بىرى ئۇلار گۆشخور بولغاچقا ئۇۋۇسىنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى كۆپ ھەرىلەر بولۇپ، بەزىدە ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆرلەپ كېتىش بىلەن بىللە ئانىسى ئولجىنى كېچىكىپ ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئەكىلەلمەيدىغان كۈنلەردە بىر-بىرىنى چوقۇپ يەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا ھەرە ئاز ئۇۋلىغان يىلى قارچىغا، لاچىن، بۈركۈت قاتارلىقلار يۇرت-مەھەللە تەرەپكە كۆپ كېلىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ھاۋا تۇمانلىق ۋە شاماللىق بولغان ئاي-يىللاردا لاچىن يۇرتقا كۆپ كېلىدۇ، دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت.

### ياشاش ئالاھىدىلىكى

لاچىنلار توپلىشىپ ياشىمايدۇ، ئۇلار جاڭگال ۋە دەريا-كۆللەرنى بۆلۈشۈۋالغاندەك چېچىلىپ ياشايدۇ. بىرى بار يەرگە يەنە بىرى ئاياغ باسمايدۇ، پەقەت ئەتىياز پەسلى، ھاۋا جاھان ئىسسىپ، كۈيلەش مەزگىلى كەلگەندە جۈپ ئىزدەپ، بىر-بىرى بار يەرلەرگە بارىدۇ باشقا ۋاقىتتا يالغۇز ئۇۋلاپ، يالغۇز ياشايدۇ. ئۇلار جۈپلەشكەن ۋاقىتتا بىر-بىرى بىلەن بەك قېيىشىپ كەتمەيدۇ. باشقا ۋاقىتتا كۈچلۈكلىرى ئولجا تاپالمىسا ئۆز قوۋمىدىكى ئاجىزلارنى ئۇۋلاپ يەيدىغان ئىشلار بولىدۇ.

### لاچىننى تۇتۇش ئۇسۇلى

ھاۋارايى تۇمانلىق بولغان كۈز پەسلىدە ياكى شامال-بوران تولا چىقىدىغان كۈنلەردە لاچىنلار ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرۇپ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى بەك ئېنىق قىلالماي يەر يۈزىگە يېقىن ئۇچىدۇ، يۇرت-ماكانغا يىراق جايلاشقان، ياۋا ئۆردەكلەر بار دەپ قارالغان چۆل-ئېدىر جاڭگاللارغا قارچىغا تۇتىدىغان تورلارنى سېلىپ، ئىچىگە تاپالىساق ياۋا ئۆردەك، بېغىرتاقلارنى باغلاش، ئۇلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ياۋا كەپتەر ياكى ئۆي كەپتىرىنى تورنىڭ ئىچىگە باغلاش ئارقىلىق تۇتۇش. يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ جاڭگالدا ئېلىپ يېگەن ياۋا كەپتەر، قىرغاۋۇل، ئۆردەك، بېغىرتاق قاتارلىق تاپىلىرىغا سوغان ياكى چەتمەك قويۇپ تۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بار.

قارچىغىغا ئوخشاش تاپىسىغا تور سېلىپ تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆز تاپىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسە تاپىغا تەگمەيدۇ، تاپىغا تور سېلىنسا ئۇنى ئاسان بايقاپ قېلىپ، تورغا چۈشمەيدۇ.

قارچىغا تورىنى يۇرت ئىچىگە ياكى يۇرت ئەتراپىدىكى ئورمان بەلبېغىنىڭ بويلىرىغا سالساق بولىدۇ. ئەمما لاچىنغا تور سالساق چوقۇم يۇرتنىڭ چېتىدىكى ياۋا ئۆردەك، ياۋا كەپتەرلەر كۆپ ياشايدىغان ئىچكىرى جاڭگال، زەيكەش ۋە دەريا-كۆللەرگە يېقىن ئەتراپىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە سالماي بولمايدۇ.

ئادەتتە قۇرۇپ قويغان تورغا ياكى سوغانغا لاچىن چۈشۈپ قالسا قاغا-قۇزغۇنلار تەرەپ-تەرەپتىن ئۇچۇپ

بېرىپ ئۇنىڭ بېشىدا ۋارقىرايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى لاچىننىڭ ئۆز ماكانىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش مۇمكىنچىلىكىدىن قالغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇ توردا پۇلىشىپ ئۆلسە ئۇنىڭ تاپىسىغا ئېغىز تېگىش ئۈچۈندۇر.

**لاچىننى بېقىش ئۇسۇلى**

لاچىننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۈندە كەپتەر، پاختەك، قىرغاۋۇل... قاتارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىسسىق بېرىپ، ئاچ قويماي باقىمىز، لاچىننى ئەڭ بىخەتەر بېقىشنىڭ ئۇسۇلى ئۇنىڭ بېشىغا پوسما كىيدۈرىمىز، ئاندىن قولغا ئېلىپ ئادەم كۆپ توپلاشقان بازار ۋە تۈرلۈك سورۇنلارغا ئاپىرىپ ئۇنى قاشايتىمىز، ئۇ قاشايمايدىكەن قولغا كۆنمەيدۇ، قولغا كۆنمىسە ئوۋغا يارىمايدۇ. پوسما كىيدۈرۈشتىكى مەقسەت بىرى قاشايتىش بولسا يەنە بىرى كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قوغداش ئۈچۈن. چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئاسان كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ شۇنداقلا باشقا ھەر قانداق جانلىقنىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

**لاچىننىڭ ئولجىنى يېيىش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىك**

قارچىغا، بۈركۈتلەر بىر ئولجىنى ئوۋلىسا ئاۋۋال ئۇنىڭ مەيدىسىنى ياكى بېقىنىنى تېشىپ ئولجىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال يۈرىكىنى يەيدۇ، لاچىن بولسا ئۆز ئولجىسىنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆزىنى يەپ ئاندىن باشقا ئەزالىرىغا تېگىش قىلىدۇ. ئولجىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ جېنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن كۆزىنى چوقۇپ يەيدۇ. كۆپىنچە ئولجىسىنى ئۆلتۈرمەي كۆزىنى چوقۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**قولغا كۆنگەن لاچىننىڭ ئالاھىدىلىكى**

لاچىن قولغا چۈشۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ياۋايىلىقىدىن ناھايىتى تېز قالىدۇ، چۈنكى ئۇ قورسىقىغا ناھايىتى ئامراق بولغاچقا گۆش بېرىپ باققان ئادەم بىلەن ناھايىتى تېز چىقىشىپ كېتىدۇ، يەنە بىرى پوسما كىيدۈرۈپ، ئادەملەر كۆپ جايدا ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تېز قاشىيىدۇ، تولەك مەزگىلىدە ئۇ قورسىقىغا ئامراقلىق سەۋەبىدىن قارچىغىدىن تېز تولەكتىن چىقىدۇ. قولغا ئۆگەنگەن ۋە تولەكتىن چىققان لاچىننى توشقانغا ياندۇرۇپ قۇشلاشقا بولىدۇكى، ئۆردەك، قىرغاۋۇلغا ياندۇرۇپ قۇشلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، لاچىن ئادەتتە ئوۋنىڭ تۆپىدىن تېگىش قىلىپ ئالىدىغان بولغاچقا، قىرغاۋۇل ۋە ئۆردەككە سالغاندا ئۇ ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقىپ، نىشانغا تېگىش قىلغۇچە ئولجا بىر يەرگە مۆكۈۋالىدۇ-دە، قېپىقتا چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. لاچىن ياۋا ۋاقتىدا ھەم سېمىز ھەم ئاسماننىڭ قەرىدە ئوقتەك شۇڭغىيالايدىغان سۈرەتكە ئىگە بولغاچقا ھەرقانداق نەرسىنى ئالالىغان بىلەن قولغا چۈشكەندىن كېيىن بىرى ئۇرۇقلايدۇ، يەنە بىرى ئادەمنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ تېز سۈرەتكە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى توسالغۇغا ئۇچرىغاچقا توشقاندىن باشقا ئولجىنى ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

**لاچىننىڭ ياش-قېرىسىنىڭ پەرقى**

لاچىننىڭ ياشلىرىنىڭ مەيدىسىدىكى رەڭلەر ناھايىتى ئاق، قارا چېكىتلەر ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، رەڭگىرويى سەت، كۆرۈمسىز كېلىدۇ. قېرىلىرىنىڭ بەدىنىدىكى ئاق-قارا چېكىتلەر كىچىك ھەم غۇۋا بولىدۇ. رەڭگىرويى چىرايلىق كېلىدۇ.

**ئوۋغا تېگىش ئۇسۇلى**

قارچىغا ۋە بۈركۈت ئوۋغا بىرلا تېگىش قىلىپ ئېلىشقا كۈچەيدۇ، لاچىن بولسا بىر تېگىپ ئوۋنىڭ ئۆشنىسىدىن ئازراق ئېلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ، يەنە بىر تېگىپ ئوۋنىڭ ئېتىدىن ئازراق ئېلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ، ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ، مىختەك بېسىپ ئۇنىڭ كۆزىدىن چوقىلاپ يېيىشكە تېگىش قىلىدۇ. بۈركۈت، قارچىغا قولىدىن ئاجراپ كەتكەن ئولجىلارنى ئىككىنچى قېتىم بېرىپ ئېلىشقا كۈچىمەيدۇ، ئەمما لاچىن قولىدىن قاچقان ئولجىنى جان ئاچچىقى بىلەن تېگىش قىلىپ ئالماي قويمايدۇ. بۈركۈت ئۆزىگە ئالدىنى قىلىپ جىم تۇرۇۋالغان ئولجىنى ئالمايدۇ. ئەمما لاچىن ئولجا مەيلى تۈگۈلىۋالسۇن، مەيلى ئالدىنى قىلىۋالسۇن ھېلى ياندىن، ھېلى ئالدى-ئارقىدىن كېلىپ ئۇرۇپ ئالغىنى ئالغان. قارچىغا بىلەن بۈركۈت بېسىپ ئالىدىغان بولغاچقا ئىككى قېتىم بېسىپ ئالالمىسا، ئۈچىنچى قېتىم دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. لاچىن تىتىپ ئالىدىغان بولغاچقا ئون قېتىم قولىدىن ئاجراپ كەتسە ئون قېتىم تېگىش قىلىپ ئالىدۇ. بۈركۈت بىلەن قارچىغا ئالغان ئولجىسىنى ئۆز ئىگىسىگە بېرىپ ئولجىنى قولىدىن ئاجرىتىپ، ئازراق يېرىنى ئاجرىتىپ بەرسە يەيدۇ، ئىگىسى بىرەر، ئىككى سائەتكىچە بەرمىسە ئاۋۋال ئاشۇ ئولجىنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى يەيدۇ. لاچىن ئىگىسىنى ساقلاپ تۇرماي كۆزىدىن چوقۇپ يېيىشنى باشلايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر:

يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتى 4-مەھەللىدىن ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم، ئابدۇۋايىت ئابدۇرېھىم

خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇغەنى توختى توغرۇلتېكىن

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# مەسەللەر

## ئابدۇجېلىل تۇرسۇن

### چۈمۈلىنىڭ جاۋابى

كۈز كېلىپ ئاشلىقلار خامانغا دۆۋىلەنگەن مەزگىلدە، دۈمبىسىگە بىر پاتمان بۇغداينى يۈدۈۋېلىپ ناخشا توۋلاپ كېتىۋاتقان قېرى چاشقان، ئاغزىدا نان ئۇۋۇقىنى چىشلەپ تۇرغان چۈمۈلىگە قاراپ مەسخىرىلىك ھالدا:

— ھەي بىچارە چۈمۈلە، سەن نېمىدېگەن ئەخمەق-ھە؟ ئاشۇ كىچىككىنە نان ئۇۋۇقىغا زار بولۇپ يۈرگىچە ماڭا ئوخشاش خاماندىن پاتمانلاپ ئەكەلسەڭ راھەت-پاراغەتتە ياشىمامسەن، — دەپتۇ.

— ھەي ئوغرى چاشقان، مەن مۇشۇ بىر پارچە نان ئۇۋۇقىغا زار بولسامۇ، ساڭا ئوخشاش دېھقانلارنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇندەك ساپ بۇغدايلارنى ئوغرىلاشنى نومۇس دەپ بىلىمەن. ماڭا چېچىلىپ ياتقان مۇشۇ نان ئۇۋۇقى بولسىلا كۇپايە، — دەپتۇ-دە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

كىشىنىڭ ھەققىنى يېگۈچە پاتمانلاپ،
ئاز يېسەڭمۇ ئىشلەپ يېگىن ھالاللاپ.
مانا بۇ قوشاق شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

### ئىلغۇچ بىلەن قولۇپ

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىلغۇچ بىلەن قولۇپ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختىشىپتۇ. — مەن — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئىلغۇچ ئۆز خىزمىتىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىپ:

— ئەلمىساقتىن تارتىپ كېچىلىرى قىلچە كۆز يۇمماستىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ئارام ئېلىپ ئۇخلىۋېلىشى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشىك ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب ئەمگىكىمنى قانچىلىك ماختىسا ئەرزىيدۇ، — دەپتۇ. ئىلغۇچنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان قولۇپ تەمكىنلىك بىلەن:

— سەن ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا چوڭ چاغلاپ كەتمىگىن. لېكىن سەن سوغۇق قىش كۈنلىرى، ئىسسىق ئۆي ئىچىدە، تومۇز ئايلىرى بولسا يەنىلا سالقىن دالىدىدا تۇرىسەن. ئەمما مەنچۇ؟ مەيلى قەھرىتان سوغۇقتا بولسۇن ياكى تومۇز ئىسسىقتا بولسۇن ئوخشاشلا سىرتتا تۇرۇپ ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلىۋاتىمەن. ئويلاپ باققىن قايسىمىزنىڭ خىزمىتى جاپالىق ئىكەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىلغۇچ ئالدىراپ ماختانغانلىقىدىن خىجىل بولغىنىچە ئۈندىمەپتۇ.

### گۈل ۋە ئوغۇت

ۋايىغا يېتىپ باراقسان بولۇپ ئېچىلىۋاتقان گۈل ئەتىر پۇراقلىرىنى ئەتراپقا تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە لەززەت ئاتا قىلىۋاتقان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كۆرەڭلىگەن ھالدا تۈۋىگە چېچىلغان ئوغۇتقا قاراپ:

— ھەي ئوغۇت، تولا كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرماي نېرى كەتسەڭچۇ؟ سېنىڭ سېسىق پۇرىقىڭغا زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. سېنىڭسىزمۇ خۇش پۇراق چاچالايمەن، — دەپ ئوغۇتنى مەسخىرە قىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغۇتنىڭ غەزىپى قايناپ:

— سەن تازىمۇ بىلمىسىز نېمە ئىكەنسەن. ئەگەر مېنىڭدىن ئۆز جىسمىڭغا تېگىشلىك ئوزۇقلۇق ئالالمىساڭ تېنىڭ ئاجىزلاپ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ ياپراقلىرىڭ سارغىيىپ، خۇش پۇراق چىقىرىشقىمۇ ماجالىڭ يەتمەيدۇ، — دەپتۇ-دە، گۈلنىڭ تۈۋىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىپتۇ. ئۆزىگە كۈچ ئاتا قىلىۋاتقان ئوغۇتتىن ئايرىلغان گۈلنىڭ غولى ۋە ياپراقلىرى بارا-بارا سارغىيىشقا باشلاپتۇ-دە، كىشىلەرمۇ بۇ گۈلنى بۇرۇنقىدەك ئەتىۋارلىمايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا گۈل ئۆزىنىڭ جىلۋىدار رۇخسارىنىڭ شۇ ئاددىي ئوغۇتنىڭ كۈچىدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلغان چوڭچىلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەر شىنخۇا غەربىي يول ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا)



# شەرق - غەرب ئەدەبىياتىدىكى يەكچەشمە مۇتىفى



— شەرق مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشى

**لاڭ يىك**

گرېك داستانى «ئودىسسا»دىكى ئودىسسانىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشقانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىك ھەممەيلەنگە ئايان. تروىيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئودىسسا كېمە بىلەن يۇرتىغا قايتىدۇ، ئۇلار دېڭىزدا يۈرۈپ بىر ئارالغا كېلىدۇ، ئوزۇق-تۈلۈكنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئودىسسا 12 ئادەمنى باشلاپ ئارالغا چىقىدۇ ھەمدە بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ، پىشلاق، پاقلان گۆشلىرىنى تاپىدۇ. كەچقۇرۇن، بىر يەكچەشمە قوي بېقىپ قايتىپ كېلىپ، يوغان قورام تاش بىلەن ئۆڭكۈرنى ئېتىپ قويۇپ، يۇنان (گرېتسىيە)لىق ئىككى كېمىچىنى يەۋېتىدۇ. ئەتىسى كېچىدە، ئۇ يەنە ئودىسسانىڭ ئىككى ھەمراھىنى يەۋېتىدۇ. ئودىسسا ھاراق بىلەن يەكچەشمىنى مەست قىلىۋېتىپ، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا، قىزىتىلغان ياغاچنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ. ئودىسسا بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆڭكۈردىن چىقىلى قويماسلىق ئۈچۈن، يەكچەشمە ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى قوغداپ، قويلارنى ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئودىسسا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قوينىڭ قورسىقىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىدۇ ھەمدە يەكچەشمىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ، كېمە بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. يۇنان ئەپسانىلىرىدە، يەكچەشمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ دېڭىز مۇئەككىلى پوسېيدۇن بىلەن پەرىشتە توئۇشا غاردا بىللە بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بالا دېيىلىدۇ. ئودىسسانىڭ يەكچەشمىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇشى ئۇنىڭ ئاتىسى پوسېيدۇننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پوسېيدۇن ئودىسسادىن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلىدۇ، ئۇ شىددەتلىك دولقۇن پەيدا قىلىپ، ئودىسسانىڭ كېمىسىنى پاچاقلىۋېتىپ، ئودىسسانى ئۆيىگە قايتقۇزمايدۇ، ئۇلار دېڭىزدا ئون يىل لەيلەپ يۈرۈپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ①.

بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قەھرىمانىنىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئىتالىيەدىكى

«يەكچەشمە» ناملىق ھېكايىدە ئىككى موناخنىڭ ئېزىپ قېلىپ يەكچەشمە تۇرىدىغان ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. يەكچەشمە ئىككى موناخنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىۋالىدۇ، ئۇ ئېگىز بوي موناخنى ئۆلتۈرۈپ، پارچىلاپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بويى پاكارراق موناخ يەكچەشمىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قىزىتىلغان زىخنى يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، يەكچەشمە ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ، قوي پادىسىنى چاتىرىقىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزىدۇ، ھېلىقى كىچىك موناخ بىر قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورۇنۇپ پادىلار بىلەن بىللە ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىپ ئامان قالىدۇ②.

فرانسىيەدە 12-ئەسىرلەردە خاتىرىلەنگەن يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، باش قەھرىمان يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىدۇ. بۇ ھېكايە رۇمىنىيە، رۇسىيە، سىربىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق جايلارغىمۇ تارقالغان.

يەكچەشمە مۇتىفى شەرق ئەدەبىياتىدىمۇ مەۋجۇت. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار دائىم «مىڭبىر كېچە»دىكى دېڭىزچى سىندىباتنىڭ يەكچەشمە بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىش توغرىسىدىكى ھېكايە بىلەن خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «تەيپىڭگۇاڭ خاتىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيەگە ئەلچىلىككە بارغان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئارالدىكى ئادەم يەيدىغان دىۋە ھەققىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ رىۋايەتلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ③. بۇ ھېكايىلەردە سىندىبات يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ، تاڭ دەۋرىدىكى ياپونىيەگە ماڭغان ئەلچىلەر ئۆمىكى ئادەم يەيدىغان دىۋىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارالغا قاماپ قويۇلغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەر خىل ھېكايىلەردىن بىز قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفىنىڭ بىر دۇنياۋى مۇتىف ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ مۇتىفتىن تەرەققىي قىلغان مۇتىفلار تۈرىنىڭ ئاساسلىق تۇراقلىق بايان ئەندىزىسى بار: باش قەھرىمان (قەھرىمان، موناخ، دېڭىزچى، ئەلچى) يەكچەشمىنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ قالىدۇ — يەكچەشمە باش قەھرىماننىڭ ھەمراھلىرىنى يەۋېتىدۇ — قەھرىمان يەكچەشمە ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تازا قىزدۇرۇلغان سايمان (ياغاچ، لوم تۆمۈر، ئارا) بىلەن يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ — كۆزى كور بولغان يەكچەشمە رەقىبلىرىنى ئۆڭكۈرگە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۆڭكۈردىكى پادىلارنى بىر-بىردىن يېنىدىن ياكى چاتىرىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆڭكۈردىن چىقىرىدۇ — باش قەھرىمان قوينىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ پادىلار بىلەن ئۆڭكۈردىن چىقىۋالىدۇ.

شەرق-غەرب ئەدەبىياتىدىكى يەكچەشمە مۇتىفىنىڭ بايان ئەندىزىسىنىڭ بۇنداق ئوخشىشىپ كېتىشىنى «توغرا كېلىپ قېلىش»، «بىر يەردىن چىقىپ قېلىش» دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس. ئۇنداقتا بۇنداق ئوخشاشلىق قانداق شەكىللەنگەن؟ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى چۈشەندۈرۈشلەردە، بۇ يۇنان (گرېك) داستانلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ پەيدا بولغان دېيىلەتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئودىسسانىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ تارقىلىشى ياكى ئۆزگىرىشى دېيىلەتتى، ئەمما تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، موڭغۇللار ھەتتا بارلىق ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە زور مىقداردىكى قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى مۇتىفلارنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى قاراشلار خىرىسقا ئۇچرىدى، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى بەزى ئالىملار، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ مۇتىفنى ئەسلى شەرقنىڭ قەدىمىي مۇتىفى، ئودىسسانىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى ھېكايە، شەرقتىن غەربكە تارقالغان دەپ قارىدى.

پاكىتمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق. دۇنيادا قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى ئەڭ زور، تارقىلىش كۆلىمى ئەڭ كەڭ رايون تۈركىي تىللىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار، بۇ بىر سەل قاراشقا بولمايدىغان پاكىت. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە، داستان، قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدە،

يەكچەشمە مۇتىفى كۆپ ئۇچرايدۇ. «باساتنىڭ يەكچەشمەنى ئۆلتۈرۈشى ھەققىدىكى رىۋايەت» بولسا ئۇلارنىڭ ئەچىدىكى بىر ناھايىتى قەدىمىي رىۋايەت بولۇپ، بۇ رىۋايەتتە ئاساسلىقى قەھرىمان باساتنىڭ قەھرىمانە ئىش ئىزلارى بايان قىلىنىدۇ. باسات تۇغۇلغاندىن كېيىن شىرنىڭ سۈتىنى ئېمىدۇ، شىرلار توپى بىلەن بىللە ياشايدۇ، ئۇنى شىر بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ئۇ تەڭداشسىز كۈچكە تولۇپ، تەڭداشسىز قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغۇز خاقان ئالۇز ئىدى. ئۇراز قەبىلىسىدە بىر سارىچوپان (سېرىق چوپان) ئىسىملىك پادىچى بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ پادىلىرىنى بۇلاق بويىغا ھەيدەپ كېلىپ، كۆكتە بىر پەرىزاتنىڭ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىزاتنى ئۆزىنىڭ مالخىيى بىلەن ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرىدۇ. پادىچى بىلەن پەرىزات بۇلاق بويىدا بىللە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتنىڭ بويىدا قالىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇ پادىچى سارىچوپانغا بىر روناق بېرىدۇ، روناق يېرتىلىپ پېشانىسىدە كۆزى بار بىر بوۋاق پەيدا بولىدۇ. ئوغۇز خاقان ئالۇز ئۇنى ئېلىپ كېتىپ باقىدۇ. يەكچەشمە بوۋاق چوڭ بولۇپ بىر زەربەردەس ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ئۇ پەرىزات ئاندىن بىر سېھىرلىك ئۈزۈككە ئېرىشىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تېنىگە ئوق ئۆتمەيدۇ، قىلىچ كەسمەيدۇ. بۇ يەكچەشمە تىرىك ئادەم ۋە مال-چارۋىلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، ئۇ ئوغۇزنىڭ نۇرغۇن ئادەم ۋە مال-چارۋىلىرىنى يەپ كېتىدۇ، كىشىلەر ئىلاجسىز بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆڭكۈردە ماكانلىشىپ پادا باقىدۇ، ھەر كۈنى ئىككى تىرىك ئادەم، 500 قوي يەيدۇ. يەكچەشمىگە تارتۇق قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ بالىسى بار ئائىلىلەر ئىككى بالىسىنى بېرىدۇ، ئىككى بالىسى بار ئائىلىلەر بىر بالىسىنى بېرىدۇ. ئوغۇز خاقاننىڭ قول ئاستىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى يەكچەشمە تەرىپىدىن يېيىلىپ تۈگەي دېگەندە، قەھرىمان باسات يۇرتىغا قايتىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتنى يوقىتىشقا بەل باغلاپ، ئۆزى يالغۇز تاغقا كىرىپ يەكچەشمە بىلەن جەڭ قىلماقچى بولىدۇ. يەكچەشمە باساتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سېلىپ، ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىپ قويۇپ، ئەتىسى باساتنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولىدۇ. قەھرىمان باسات يەكچەشمە ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزىتىلغان داغمالنى يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدۇ. كۆزى كور بولغان يەكچەشمە پادىلارنى بىر-بىرلەپ ئۆزىنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆڭكۈردىن چىقىرىدۇ، باسات بىر قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە ئورۇنۇپ، پادىلار بىلەن ئۆڭكۈردىن چىقىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەن يەكچەشمە بىلەن دەھشەتلىك جەڭ قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىر يەكچەشمىنى ئۆلتۈرۈپ ئوغۇز خەلقىنى خاتىرجەم قىلىدۇ④.

بۇ قەدىمىي رىۋايەتتىكى يەكچەشمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تۇغۇلۇشى، يەكچەشمىنىڭ ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇشى، قوي بېقىشى، تىرىك ئادەملەرنى يېيىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ھەمدە قەھرىماننىڭ قىزىتىلغان داغمالنى يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىشى، قوي سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىش سۇژىتى بىلەن «ئودىسسا»دىكى يەكچەشمىگە مۇناسىۋەتلىك سۇژىت ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنبەداشلىق مۇناسىۋەت ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. ھالبۇكى مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، «باساتنىڭ يەكچەشمىنى ئۆلتۈرۈشى ھەققىدىكى رىۋايەت» تېخىمۇ قەدىمىي، ئەپسانىۋى تۈسى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ، ھېكايە قۇرۇلمىسىمۇ گرېك داستانىنىڭكىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفى قەدىمكى تۈركىي ۋەسىقىلەردىلا ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. يەكچەشمە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ناملاردا ئاتىلىدۇ. قازاقلار «تۆبەكۆز» (tobekoz) دەپ ئاتايدۇ، «تۆبە» «پېشانە» مەنىدە بولۇپ، «پېشانىسىدە كۆزى بار ئادەم» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار «سىڭار كۆزلۈك دىۋە» (Singa kozluk diwe) دەپ ئاتىلىدۇ. قىرغىزلار «جالغىز كۆزدۇ جالماۋۇز» دەپ ئاتايدۇ. ئالتايلىقلار «سوخور قارا» (Sohor kara) دەيدۇ، مەنىسى «كۆچلۈك قارىغۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. گاگائۇزلار «جېبىغ يۇز» دەپ ئاتايدۇ، مەنىسى «پېشانىدىكى كۆز» دېگەنلىك بولىدۇ. خاكاسلار «سارىسىغ قاراختېغ». شورۇنلار «پاغىر تائۇغى». تۇۋالار «ئالبېس» (Albes)

ياكى چۇبۇس (Chubus) دەپ ئاتايدۇ. ھەرقايسى مىللەتـ
لەردە يەكچەشمىنىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما
يەكچەشمىنىڭ پېشانىسىدە بىر كۆزى بارلىقى، كۆزىنىڭ قاـ
رىغۇ قىلىۋېتىدىغانلىقى، بوي-بەستىنىڭ ناھايىتى زور،
كۈچلۈك ئىكەنلىكىدەك تەن ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش.

قازاقلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئىلىك مەرگەن»
بىلەن قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق رىۋايىتى «جايىر مەرـ
گەن»دە، قەھرىمانىنىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفى
مۇكەممەل ساقلانغان. «ئىلىك مەرگەن»دە قازاقلارنىڭ
ئوقياچىسى ئىلىكنىڭ ئىككى ئوۋچىغا ھەمراھ بولۇپ تاغقا
ئوۋ ئوۋلىغىلى كىرىپ، يەكچەشمە تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغانـ
لىقى تەسۋىرلەنگەن. يەكچەشمە ئۇلارنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىـ
چىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى بىر يوغان تاش
بىلەن ئېتىپ قويۇپ، ئىلىكنىڭ بىر ھەمراھىنى يەۋېتىدۇ.
ئەتىسى كەچتە يەكچەشمە ئىلىكنىڭ يەنە بىر ھەمراھىنىمۇ
يەۋېتىدۇ. ئىلىك يەكچەشمە ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، بىر قىزىتىلغان ياغاچنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىۋېـ
تىدۇ، ئەتىسى كۆزىدىن ئايرىلغان يەكچەشمە ئۆڭكۈرنىڭ
ئېغىزىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۆڭكۈردىكى پادىلارنى بىرـ
بىرلەپ چارتىرىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئىلىك بىر چوڭ قوينى
ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ، ئۆڭكۈردىن
قېچىپ چىقىدۇ. ئۇ ئوقياسى بىلەن يەكچەشمىنى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈپ، ئىلگىرى ئۆڭكۈرگە قامالغان كونا مەھبۇسلارـ
نى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوۋچىلار خاتىرـ
جەم ھالدا تاغقا كىرىپ ئوۋ قىلالايدىغان بولىدۇ⑤. قىرـ
غىزلارنىڭ قەھرىمانلىق رىۋايىتى «جايىر مەرگەن»دىكى
مۇناسىۋەتلىك سۇژىت بىلەن قازاق ئېپوسىدىكى يەكچەشـ
مە مۇتىفى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ رىۋايەتنىڭ
باش قەھرىمانى جايىرمۇ بىر خاسىيەتلىك ئوقياچى
بولۇپ، ئۇ بىر جەرەننى ئوۋلاپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ،
جەرەننى كاۋاپ قىلىپ ئاچلىقىنى باسىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر
ئەسلىدە بىر يەكچەشمە ئايال يالماۋۇزنىڭ تۇرالغۇسى
بولۇپ، ئۆڭكۈرگە ئادەم كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەكچەشـ
مە يالماۋۇز يوغان تاش بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى
ئېتىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ يېمەكچى بولـ
دۇ. جايىر يەكچەشمە يالماۋۇز ئۇخلاپ قالغاندا، قىزىتىلـ
غان تۆمۈر زىخنى يالماۋۇزنىڭ كۆزىگە سانجىيدۇ. ئەتەـ
سى ئۇمۇ قوينىڭ تېرىسىگە يۆگىنىۋېلىپ ئۆڭكۈردىن
قېچىپ چىقىدۇ ھەمدە يەكچەشمە يالماۋۇزنى ئېتىپ ئۆلتۈـ
رۈپ، ئۆڭكۈرگە قاماپ قويۇلغان كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرـ
دۇ⑥. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي قەھرىمانلىق داستانلىرىـ
نىڭ بىرى بولغان «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ باش
قەھرىمانى — چىن تۆمۈر باتۇرمۇ بىر باتۇر ئوۋچى
بولۇپ، ئۇ ئوۋغا چىقىپ كەتكەن مەزگىلدە، يەكچەشمە
يالماۋۇز ھەر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەخـ
تۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورايدۇ. قەھرىمان ئوۋدىن قايتىپ
كېلىپ، يەكچەشمە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، قانسىراپ
كەتكەن سىڭلىسىنى قۇتقۇزىدۇ⑦.

تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىكى قەھرىمانىنىڭ يەكچەشـ
مە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىدىكى مۇتىف
مۇنداق ئىككى خىل روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى،
قەھرىمان يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىپلا قالماسـ
تىن، بەلكى ئەڭ ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. قەھرىمانىنىڭ
خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتنى يوقىتىشىدىن ئىبارەت بۇ
ئاساسىي تېما ناھايىتى روشەن ۋە گەۋدىلىك. يەنە بىرى،
قويۇق ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى ۋە يايلاق مەدەنىيەت تۈسـ
گە ئىگە بولۇپ، يەكچەشمىنى جازالايدىغان قەھرىمانلارـ
نىڭ زور كۆپ قىسمى قەيسەر، باتۇر ئوۋچىلاردۇر.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرـ
نىڭ تىلىدا «مەرگەن»، «باتۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ «ئـ
ئوقياچى» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئوقياچىلارنىڭ قەھرىمانـ
لىق ئىش ئىزلىرى تەسۋىرلىنىدىغان ھېكايىلەر «ئوقياچـ
لار ھېكايىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنداق ھېكايىلەردە،
ئوقياچىلارنىڭ دۈشمىنى، رەقىبلىرى ئادەتتە ئىنسانلار
ئەمەس، بەلكى يەكچەشمە، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، كۆپ
باشلىق بوغما يىلان ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەردۇر. ئوقياـ
چىلار كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاـ
دەمنىڭ كۈچىنىڭ زورلۇقىنى، ئادەمنىڭ بۇنداق كۈچلەرـ
نىڭ ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ، ئوقياچـ
لار ھېكايىلىرى ئوۋچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلارنىڭ
مەزمۇنى قەدىمىي، ئەپسانە تۈسى قويۇق بولۇپ، ئاجايىپ
تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى
مىللەتلەرنىڭ ئاۋام مەدەنىيىتى قاتلىمىدا، ئوقياچىلار ھەقـ
قىدىكى ھېكايىلەر قەدىمىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا تۇرىدۇ.
ھالبۇكى دەل مۇشۇ قەدىمىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا، يەكـ
چەشمە مۇتىفىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى ئەڭ مول. يۇقىرىدا

مىسال كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقياچىلار ھېكايىلىرىدە يەكچەشمە مۇتىفىدىن باشقا، ئالتاي، خاكاس، ئۆزبېك، قارا قالپاق قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوقياچىلار تۈرىدىكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىمۇ قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىشى ھەققىدىكى مۇتىف ساقلانغان.

كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس تىللىرىدىكى ئوقياچىلار ھېكايىلىرىدىمۇ يەكچەشمە مۇتىفى ھەمىشە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئوقياچىلار ھەققىدىكى ھېكايىسى «ئىككى ئوۋچى»دا ئىككى ئوۋچىنىڭ بىر جەرەننى قوغلاپ يەكچەشمىنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. يەكچەشمە ئىككى ئوۋچىنىڭ بىرىنى يەۋېتىدۇ، يەنە بىر ئوۋچى يەكچەشمە ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە قىزىتىلغان تۆمۈرنى سانجىيدۇ، ئەتىسى ئۇ يەنە بىر قويىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئورۇنۇۋېلىش شەكلى بىلەن يەكچەشمىنىڭ توسۇقىدىن ئۆتۈپ، پادىلار بىلەن بىللە ئۆڭكۈردىن چىقىدۇ. يەكچەشمىنى ئۆلتۈرۈپ، قاماپ قويۇلغان كىشىلەرنى قۇتقۇزىدۇ⑧. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موڭغۇللارنىڭ يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنىڭ بايان ئەندىزىسىنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنىڭ بايان ئەندىزىسىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىلەر موڭغۇللاردا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، «بوغما يىلان گۇسنى باستۇرۇش»، «ئاكىنىڭ نەسىھىتى»، «بىر تۇمەن قارا يۇڭلۇق قويى بار كىچىك قارا بوۋاي» قاتارلىق قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدە قەھرىمانلارنىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشقانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بايان قىلىنغان⑨. تۇنگۇس تىللىق خەلقلەردىن بولغان ئېۋېنكى خەلقىدە كەڭ تارقالغان «لەي مەرگەن ۋە دىۋە» بىر ئوقياچىلار ھېكايىسى بولۇپ، بۇ ھېكايىدە قەبىلە ئاتامانى لەي مەرگەننىڭ ئۆز قوۋمى ئۈچۈن يېڭى ئوۋلۇق ئىزدەپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىنكى يەكچەشمىگە ئۇچراپ قېلىش سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان⑩.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن يەكچەشمە مۇتىفىدىن كىشىلەر مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفىنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي ئوقياچىلار ھېكايىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى، يەكچەشمە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئاساسىي شەكلىنىڭ ئوقياچىلار ھېكايىلىرىدە تۇراقلاشقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. ئوقياچىلار ھېكايىلىرى زور مىقداردىكى يەكچەشمە مۇتىفىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، تۈركىي تىللىق خەلقلەر داستانلىرىدىمۇ يەكچەشمە ئوبرازى كۆرۈلىدۇ. داستانلاردىكى يەكچەشمە مۇتىفى ئوقياچىلار ھېكايىلىرىدىكى يەكچەشمە مۇتىفىدىن پەرقلىنىدۇ. داستانلاردىكى يەكچەشمە مەيلى ئوبراز يارىتىلىشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەدەنىيەت مەنىسى جەھەتتىن بولسۇن، تېخىمۇ ئېپتىدائىي، تېخىمۇ قەدىمىي. قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس»نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن قەھرىمانلار يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىپ، ئەڭ ئاخىر يەكچەشمىنى يېڭىدۇ. «ماناس»نىڭ 1-، 2-، 3- قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە قەھرىماننىڭ يەكچەشمە بىلەن ئېلىشىش مۇتىفى بار. قەھرىمان ماناس زور قوشۇننى باشلاپ يىراققا يۈرۈش قىلغاندا، ئېسەنخان ماناسنىڭ ئاجايىپ كۈچ-قۇدرىتىدىن قورقۇپ، يەكچەشمە ماكەلدىن ياردەم سورايدۇ. داستاندا يەكچەشمىنىڭ تۇغۇلۇشى ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ بىر ئايال ئالۋاستى بىلەن قىتاي ئەرنىڭ بىللە بولۇشىدىن تۇغۇلغان بالا بولۇپ، جىسمى تاغدەك، چېكىسىدە بىر كۆزى بار، كەركىدانغا مىنگەن، قولىدا كىگىز ئۆيچىلىك چوڭلۇقتا بازغان تۇتقان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. ماناسنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن ئالمابەت بىلەن چۇۋاق يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە ئوق ئېتىپ، چېلەكتەك كۆز ئالمىسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. قەھرىمانلار ئاخىر ياۋۇز يەكچەشمىنى يېڭىدۇ. «سەمەتەي» ناملىق ئېپوستا، ماناسنىڭ ئوغلى سەمەتەي يەكچەشمە ماتىكەننى يېڭىدۇ، بۇ شەرقىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن يەكچەشمە ئادەتتىن تاشقىرى ياۋۇز، ۋەھشىي بولۇپ، بىر ۋاقلىققا 13 تۇياق كالا، 11 ئېيىق، ئىككى تۆگە، 500 سۇغۇر (داۋغان) يەۋېتەلەيدۇ. ئۇ قەھرىمان سەمەتەي ۋە نۇرغۇن قىرغىز باتۇرلىرىنى ئاتلىرىدىن يىقىلدۇرۇۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىر ئالمابەتنىڭ ئوغلى گۈلچۆرە يەكچەشمىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن

تۈركمەن يەكچەشمە مادىكۆل يەنە كېلىپ قىرغىز خەلقىنى ئاۋارە قىلىدۇ، ئۇ يىلقىلارنى بۇلاپ، ئادەملەرنى يەپ، تالاي ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، كىشىلەرگە زۇلۇم سالىدۇ. سەمەتەي بۇ يەكچەشمىگە ئوق ئېتىپ، نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى يىقىتىپ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتنى يوقىتىدۇ. «ماناس»نىڭ 3-قىسمى «سەيتەك»تە، يەنە قەھرىماننىڭ يەكچەشمىنى يېڭىدىغان مۇتىف بار بولۇپ، گۈلچۆرە كالىلىسىنى ئالغان ماتىكەن ئىسىملىك يەكچەشمىنىڭ مادىكەن ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئاتىسىغا ئوخشاش بىر ۋەھشىي يەكچەشمە ئىدى. ئۇ بىر كالىغا مىنىۋالغان بولۇپ، سەمەتەينىڭ ئوغلى سەيتەكنى ئىزدەپ كېلىپ كۈچ سىنىشىپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولىدۇ. بۇ يەكچەشمىگە قارشى جەڭ قىلغىنى ئايال قەھرىمان، سەمەتەينىڭ ئايالى قۇيالى ئىدى. تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ئايال قەھرىمان تاغدەك زور قامەتلىك مادىكەنگە نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئۇدۇلدىكى تاغ ئېتىكىدىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چۆرۈۋېتىپ، جاھانغا پاتماي قالغان بۇ يەكچەشمىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتىدۇ.

«ماناس»تىكى يەكچەشمە سېھىرلىك كالا مىنگەن، قولىدا كىگىز ئۆيچىلىك چوڭلۇقتا بازغان كۆتۈرۈۋالغان، پېشانىسىدە بىر پارقىراپ تۇرغان كۆزى بار، كۆز ئالمىسى خۇددى چېلەكتەك چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى يامان بولۇپ، بارغانلىكى يېرنى توپتوز قىلىۋېتىدۇ، پەۋقۇلئاددە غەيرىي تەبىئىي كۈچكە ئىگە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

داستاندىكى يەكچەشمە بولسا قەدىمىي ئەپسانىلەردىكى ئەرۋاھلارنىڭ ئوبرازىدۇر. بىر قىسىم چەت ئەللىك ئالىملار تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق بەزى يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار «ماناس»تىكى يەكچەشمە ئوبرازى ئەسلىدە سەلبىي ئوبراز ئەمەس، بەلكى كىشىلەر تېۋىنىدىغان تاغ مۇئەككىلىنىڭ ئوبرازى دەپ قارايدۇ. بۇ يېڭى قاراشنىڭ پەيدا بولۇشى يەكچەشمىنىڭ نامىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشتىن باشلانغان بولۇپ، ماناستىكى يەكچەشمىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ماتىكەن»، «مادىكەن»، «ماكەل» بولۇپ، ئالتاينىڭ شىمالىدىكى شورۇن ۋە ئالتاي سايان چوققىسى ئەتراپىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تاغ مۇئەككىلىنى «پادىكەن» دەپ ئاتايدۇ. تۈركىي تىللاردا، m بىلەن p سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەندە، بەزىدە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى، مەنىسىدە ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ. شۇڭا «ماناس»تىكى يەكچەشمىنى «ماتىكەن» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ، نۇرغۇن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردە، «پادىكەن» تاغ مۇئەككىلىنىڭ نامى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، داستاندىكى يەكچەشمىنىڭ ئەسلىي تىپى تاغ مۇئەككىلى ئوبرازىدۇر.

تاغ مۇئەككىلىگە تېۋىنىش ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىدا ئىلگىرى خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. قەدىمكى قىرغىز ئەپسانىلىرىدە، تاغ مۇئەككىلى غايىب ھايۋانلارنى قوغدىغۇچى مۇئەككەل بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسى ۋە ياردىمىدە ئوۋچىلار تېخىمۇ كۆپ ئوۋ ئوۋلىيالايتتى. تاغ مۇئەككىلى ئوۋچىلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان مۇئەككەل بولۇپ، ئوۋچىلار ئەڭ تېۋىنىدىغان مۇئەككەل ئىدى. تاغ مۇئەككىلى پادىكەن بىلەن غايىب ئوخشاشلا ئوۋچىلارنى قوغدىغۇچى مۇئەككەل ئىدى. ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ قارىشىدا، قىياپىتى ئادەتتىن تاشقىرى مۇئەككەللەر ئادەتتىن تاشقىرى كۈچكە ئىگە بولاتتى، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدە كۆزى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي كۈچىمۇ چوقۇمكى ئادەتتىكى بىر جۈپ كۆزنىڭكىدىن ھالقىپ كەتكەن بولاتتى. دەل مۇشۇنداق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئىپتىدائىي تەپەككۇر لوگىكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەلبىدىكى تاغ مۇئەككىلى ئوۋچىلارنى قوغدايدىغان يەكچەشمە ئوبرازى ئىدى. ئۇ تۇۋا ئەپسانىلىرىدە بىر يەكچەشمە ئايال مۇئەككەل ئوبرازىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ پېشانىسىدە بىر كۆزى بار، بۇرنى قىزىل بولۇپ، ئوۋچىلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇلارنى قوغداپ، ئوۋچىلارنى مول ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ سۈتى، پەش گۆشلىرىنى كېسىپ ئوۋچىلارنى باقىدۇ. ئۇ تۇۋالارنىڭ داستانلىرىدا بىر ئېغىزىدىن ئوت پۈركۈيدىغان، بۇرنىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، پېشانىسىدە پارقىراپ تۇرىدىغان بىر كۆزى بار ئەپسانىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. قازاقلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە، ئۇ بىر تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە ماكانلاشقان، تەڭداشسىز كۈچلۈك، ئوق ئۆتمەس، يەكچەشمە دىۋە سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ ھۆركىرىسە ئۈستۈن كالپۇكى ئاسمانغا، ئاستىن كالپۇكى



MIRAS

يەرگە تېگىدۇ، ئۇ ياقۇتلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك يەكچەشمە مۇئەككەل ئوبرازىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز، ئەڭ دەسلەپكى يەكچەشمە ئوبرازى قاچان، قەيەردە پەيدا بولغان؟ دەپ سورىشى ئېنىق. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى 1963 ـ ، 1964 ـ يىللىرى يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى بايقىغان، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك نەتىجىلەر يەكچەشمە ئوبرازىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىنى بۇنىڭدىن 5000 ~ 4000 يىل بۇرۇنقى زامانلارغىچە سۈرىدۇ. سوۋېت ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا نۇرغۇن ئۈچ كۆزلۈك ئادەم، ھايۋان شەكىللىك تاش بالباللارنى بايقىغان بولۇپ، بەزى ھەيكەللەرنىڭ بېلەكلىرى سەل ئېگىلگەن، قورساقلىرى تومپىيىپ چىققان، ئېغىزلىرى كالچىيىپ، ھەڭگاڭ چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆنگە ئوخشايدىغان ئۈچىنچى كۆزى بار. بەزى بالباللارنىڭ ئېغىز، قۇلاقلىرى ھايۋانلارنىڭكىدەك بولۇپ، بېشىدا مۈڭگۈزى بار، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سېھىرلىك ئۈچىنچى كۆزى بار. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان پېشانىسىدە كۆزى بار ئادەم، ھايۋان شەكىللىك تاش بالباللارنىڭ سانى كۆپ، بۇ فانتازىيەلىك تۈسكە باي تۈۋرۈكسىمان، تاياقسىمان تاش بالباللار ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ناھايىتى دىققىتىنى تارتقان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، بۇ تاش بالباللارنىڭ پەيدا بولغان يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ياكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ تاش بالباللار بۈگۈنگىچە 4000 ~ 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ تاش بالباللار شۈبھىسىزكى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان پېشانىسىدە كۆزى بار يەكچەشمىلەر ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرخۇن ــ يېنسەي ۋادىلىرى قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، بۇ شىمال مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرى بۇ رايونلاردا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. قىرغىزلارنىڭ يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىن ئايرىلىپ غەربكە كۆچۈشى مىلادىيە 10 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردىكى ئىش، بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇلار ئىزچىل يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلاردا ياشىغان. بۇ رايونلاردا بايقالغان زور مىقداردىكى ئۈچ كۆزلۈك ئادەم، ھايۋان شەكىللىك تاش بالباللار شۈبھىسىزكى تارىختا بۇ يەردە ياشىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن ئەھۋالدا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان بەزى ئۆزگىرىشلەر ئەجدادلارنىڭ قەلبىدە قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى، ئۇلار دائىم تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي، تېنىنى يۆگىگۈدەك كىيىم تاپالماي قالغاندا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدىنى ياراتقۇچىغا باغلايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھايۋانسىمان ئىلاھىدىلىكلەرگە ئىگە، پېشانىسىدە ئۈچىنچى كۆزى بار بالباللار ھايۋانلارنى ئىدارە قىلىدىغان تاغ مۇئەككەللىرىنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇلار تاش بالباللارنىڭ ئالدىدا ئىخلاس بىلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ، ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنى ئويناپ، مۇئەككەللەردىن ئوۋ ئىشلىرىنىڭ ئامان-ئېسەن بولۇشىنى، ئوۋ غەنىمەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى تىلىگەن، ئىلاھنىڭ ئۆزلىرىنى ئاغرىق-سىلاق، بالا-قازالاردىن ساقلىشىنى تىلەپ ئىلتىجا قىلغان.

تاش بالباللاردىكى ھايۋانسىمان ئىلاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۈچ كۆزلۈك تاغ مۇئەككىلى ئوبرازى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ئەپسانە، ئېپوسلاردىكى ئاجايىپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە يەكچەشمە تاغ مۇئەككىلى ئوبرازىغا ئايلانغان. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش كۈچىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ كۈچىنىڭ زورلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يەكچەشمە تاغ مۇئەككىلى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغا كىرگەندىن كېيىن قەھرىمانلارنىڭ رەقىبىگە ــ يەنى يەكچەشمە ئوبرازىغا ئايلانغان. غەيرىي تەبىئەت كۈچكە ئىگە بولغان يەكچەشمىلەرنى بويسۇندۇرالايدىغان قەھرىمانلار چوقۇمكى يەكچەشمىلەردىنمۇ كۈچلۈك قەھرىمان بولۇشى كېرەك. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ كۈرىشىدە، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، يەكچەشمە تاغ مۇئەككەللىرى ئەجدادلارنىڭ ئايىغىغا باش قويىدىغان نەزىر-چىراغ سۇپىلىرىدىن چىقىپ، قەھرىمانلار بىلەن كۈچ سىنىشىدىغان رەقىبلەرگە ئايلانغان. قەھرىمانلارنىڭ يەكچەشمىلەر بىلەن ئېلىشىش

مۇتىفى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بۇ مۇتىف ئۇقياچىلار
ھېكايىلىرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، تارقىلىش جەريانىدا
قەھرىمانلارنىڭ يەكچەشىملەر بىلەن ئېلىشىش مۇتىفى
ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، سۇژىتى بارغانسىرى ئەگرى-
توقاي، جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ، قۇرۇلمىسى كۈنسىرى
مۇكەممەللىشىپ، تەدرىجىي نىسبەتەن تۇراقلىق بايان ئەن-
ئەنىسى شەكىللەنگەن.

پېشانىسىدە كۆزى بار ئادەم، ھايۋان شەكىللىك ئوب-
رازلار ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەج-
دادلىرىدا پەيدا بولغان ۋاقىتلاردا، يۇنانلىقلار (گىرېكلار)
تېخى بالقان يېرىم ئارىلىغا قەدەم باسمىغانىدى. تەخمىنەن
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ ، 22 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە گى-
رېكلار ئېگېي دېڭىزى بويلىرىدا پەيدا بولغان ھەمدە تەد-
رىجىي گىرېتسىيە رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىگە ئايلان-
غان. ئۇلار شەرقلىكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان
قەدىمكى ئېگېي دېڭىزى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى
ھەمدە ناھايىتى تېز لا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كىچىك ئا-
سىيا قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيتىپ، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن گىرېك
مەھەللىلىرىنى قۇرۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق، شەرق بىلەن
بولغان باغلىنىشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كۈچەيت-
تى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەر يۇنان مەدەنى-
يەت تارىخىدىكى ھومېر دەۋرى دەپ ئاتالغان بولۇپ،
يۇنان داستانلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېللىرى پەيدا بو-
لۇشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرلەردە يۇنان
داستانلىرىنىڭ ئاساسىي شەكلى شەكىللىنىپ، مىلادىيىدىن بۇ-
رۇنقى 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەردە يېزىقچە ئېلىنىپ كىتابقا ئايلان-
غان. يۇنان داستانلىرى شەكىللەنگەن مەزگىللەردە، قەھ-
رىمانلارنىڭ يەكچەشىملەر بىلەن ئېلىشىش مۇتىفى شىمالىي
ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان كەڭ كۆلەمدە
مەۋجۇد ئىدى.

يۇنان داستانلىرى شەكىللەنگەن مەزگىللەردە، شەرق-
غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يوللىرى ئاللىقاچان راۋانلاش-
قانىدى. ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلەيدىغان
شەرقىي ئىران تىللىق سكىتىيلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 9 ـ
ئەسىرلەردىلا شىمالىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
بىپايان يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇلار كېيىن
يەنە قارا دېڭىزغا يېقىنلىشىپ، قارا دېڭىز بويلىرىدا گىرېك-
لار بىلەن سودا ئالاقىسىنى ئورناتقان بولۇپ، جۇڭگو
بىلەن گىرېتسىيە شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قەدى-
مىي يىپەك سودىگەرلىرىگە ئايلاندى ئودىسسا يۇرتىغا
قايتقاندىن كېيىن، بارلىق ئاياللار قاتتىق ھەيران قالغۇ-
دەك كۆڭلەكتىن بىرنى كىيىپ يۈرۈيدۇ، ئۇ كۆڭلەك ناھا-
يىتى سىلىق، پارقىراق، نەپىس بولۇپ، خۇددى قۇياشقا
ئوخشاش نۇر چاچىدۇ. ئېپوسلاردىكى تەسۋىرلەردىن قا-
رىغاندا، بۇ كۆڭلەك يىپەكتىن ياسالغان بولۇپ، ئېھتىمال
بۇنى سكىتىيلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرى-
دىن ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالدىكى كۆچمەن
چارۋىچى مىللەت سكىتىيلار شەرق-غەرب سودىسى ۋە
شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەھەتتە كۆۋ-
رۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رول ئوينىغان. گۈللەنگەن سودا
ئالاقىسى جەريانىدا، گىرېكلار شۈبھىسىزكى سكىتىيلاردىن
شىمالدىكى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئا-
جايىپ-غارايىپ ئەپسانە رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىغان.

گىرېكلار شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر-
نىڭ ئاجايىپ-غارايىپ رىۋايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېپوسلىرىغا
يۇغۇرغان، بۇ تامامەن مۇمكىن. «ئودىسسا»دا ئاساسلىقى
ئودىسسانىڭ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن ئون يىللىق سەرگۈ-
زەشتلىرى بايان قىلىنغان، ئېھتىمال گىرېكلار ئاڭلىغان
شەرققە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئاجايىپ-غارايىپ رىۋا-
يەتلەر بۇ ئېپوسلارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئالا-
ھىدە، ئاجايىپ تۈسكە ئىگە قىلغان، تېخىمۇ مول سەنئەت-
لىك سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

گىرېك ئېپوسلىرى شەكىللەنگەندىن كېيىن، شەرق-
غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يوللار ئارقىلىق، گىرېك ئېپوسلى-
رىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، يەنە يەكچەشىملەرنىڭ ھېكا-
يىلىرىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تارقىتىپ، ئۇنى
دۇنياۋى مۇتىفقا ئايلاندۇرغان. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قا-
رىغاندا، يەكچەشىمە مۇتىفى مىڭلىغان ئەدەبىيات مۇتىفلىرى
ئىچىدىكى ئادەتتىكى بىرسى، ھالبۇكى بۇ مۇتىفنىڭ مەدە-
نىيەت قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز بولۇپ، ئۇ قەدىمكى
شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك
ئىسپاتى.

ئىزاھاتلار:

① ياڭ شيەنيى تەرجىمە قىلغان : «ئودىسسا»، شاڭخەي
تەرجىمە نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 108 - ،117 - بەتلەر؛
جىننىس: «گىرېك ئەپسانىلىرى»، (تەيۋەن) جۆبىن نەشرىياتى،



MIRAS

1988-يىل نەشرى، 39-بەت.

② [ئىتالىيە] ئىتالو كالۋىنو: «ئىتالىيە چۆچەكلىرى» (2-قىسىم)، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 619-بەت.

③ «تەيپىڭگۇاڭ خاتىرىسى» (10) 481-جىلد، «شىنلو» ماددىسى، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1991-يىل نەشرى، 3961-بەت. بۇ ھېكايىدە تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكى شىنلودىن ياپونىيەگە قاراپ يولغا چىقىپ، دېڭىزدا بوران خەۋپ-خەتەرگە ئۇچراپ، كېمە ئەترىتى بىر ئارالغا چىقىپ قالىدۇ، دىۋىنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ قالىدۇ، تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى 100دىن ئارتۇق ئادەم تۇرالغۇغا كىرىدۇ، دىۋە تاش بىلەن ئىشىكنى ئېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىدىن 50 تىن ئارتۇق ئادەمنى تاللاپ، ئۆلتۈرۈپ پىشۇرۇپ يەيدۇ. ئامان قالغانلار دىۋە ئۇخلاپ قالغاندا دىۋىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، دىۋە ئەسىرگە ئېلىۋالغان نۇرغۇن ئاياللارنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، كېمىگە چۈشۈپ قاچىدۇ.

④ «دەدە قورقۇت»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1988-يىل قازاقچە نەشرى.

⑤ «ئىلىك مەرگەن»، «قازاق خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» (5)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل قازاقچە نەشرى، 649-بەت.

⑥ «جايىر مەرگەن»، «قىرغىز خەلق چۆچەكلىرى»گە بېسىلغان، فرۇنزې (قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى) نەشرىياتى، قىرغىزچە نۇسخىسى، 69-بەت.

⑦ «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلاردا كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى بار، قەھرىمان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يالماۋۇزلاردىن يەكچەشمە يالماۋۇز، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار بار بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر خىل ۋارىياتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوت سوراش سۇژىتى بار بولۇپ، مەزمۇنى خېلى قەدىمىي.

⑧ «ئىككى ئوۋچى»، «ئالتاي تەيجى ۋە ئۇنىڭ چىلان تورۇق ئارغىمىقى»، موڭغۇل قەدىمكى مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1985-يىلى، موڭغۇلچە نەشرى.

⑨ «بوغما يىلان گۇسنى ئۆلتۈرۈش»، ئىچكى موڭغۇل خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى تۈزگەن: «موڭغۇل خەلق چۆچەكلىرى»، موڭغۇلچە نەشرى، 334-بەت.

«ئاكىنىڭ نەسىھىتى»، خېرسىن مەدەنىيەت ئىدارىسى، مىللىي تىل-ئەدەبىيات ئىشخانىسى تۈزگەن: «چىڭخەي موڭغۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، 2-قىسىم، 609-، 612-بەتلەر.

«بىر تۈمەن قارا يۇڭلۇق قويى بار كىچىك قارا بوۋاي»، «موڭغۇل ماتېرىياللىرى ۋە ئاخباراتلىرى»غا بېسىلغان، (موڭغۇلچە)، 1984-يىل 4-سان.

بىرىنچىدىن، ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى لاما بولۇپ، ئۇ ۋۇتەيشەن تېغىغا بېرىپ بۇتقا باش ئۇرۇش يولىدا، بىر كونا ئۆيدە بويى ئون جاڭ بىر چى كېلىدىغان يەكچەشمە بوغما يىلان گۇسنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن لاما كىشىلەرنى چاقىرىدۇ، كىشىلەر تاشلار بىلەن يەكچەشمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، سولاپ قويۇلغان كىشىلەرنى قويۇۋېتىدۇ، ئىككىنچىدىن، ھېكايىنىڭ سۇژىتى ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئاكىسى ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە ئىككى سىڭلىسى ئوت سوراپ يەكچەشمە يالماۋۇزغا ئۇچراپ قالىدۇ، يالماۋۇز ئاچىسىنى يەپ كېتىدۇ، سىڭلىسى سېرىق ئىتنىڭ ياردىمىدە قىزىتىلغان تۆمۈرنى يالماۋۇزنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدۇ، ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن ئاكىسى بىلەن بىللە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى پادىچى بولۇپ، پادا بېقىش يولىدا يەكچەشمىنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ قالىدۇ. يەكچەشمىنىڭ تىرىك ئادەملەرنى كاۋاپ قىلىپ يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ، چارۋىچى قوينىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ، پادىلار بىلەن بىللە ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىدۇ، بۇ ئۈچ ھېكايىنى چېن گاڭلۇڭ تەمىنلىگەن.

⑩ «لەي مەرگەن ۋە دىۋە»، نېنجياڭ رايونىدىكى دۇ باۋلىيەن سۆزلەپ بەرگەن، «خېيلۇڭجياڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، 6-سان، 11-، 12-بەتلەر.

⑪ ئاقچى ناھىيەسىدىكى داڭلىق «ماناس»چى يۈسۈپ ماماي ئېيتقان نۇسخىسى.

⑫، ⑬ «ماناس» ماقالىلەر توپلىمى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 1681-يىلى فرونزې (ھازىرقى بىشكەك) قىرغىزچە نۇسخىسى، جاڭ يەنپىڭ تەمىنلىگەن.

⑭ [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى] ۋاجىسكايا «يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمىي مەبۇدلار»، چېن لياڭۋېي تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1987-يىل مەخسۇس سانىغا بېسىلغان.

⑮ ئىجابىي تەسىرى ئېپوسلارغا كىرگەندىن كېيىن سەلبىي تەسىرگە ئۆزگىرىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، قوجوجاش ئەپسانىۋى داستانىدا «قوجوجاش» بىر قىرغىز خاقانىنىڭ ئوغلى، ھەم بىر ئاق چاچلىق ئوقياچى. بۇ شەخس «ماناس» ئېپوسىغا كىرىپ، قەھرىمان ماناسنىڭ رەقىبى بولغان قالماقلارنىڭ قولچوماقىغا ئايلانغان، قىرغىزلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، قوجوجاش نۇرغۇن قىرغىز قەھرىمانلىرىنى يارىلاندۇرغان.

⑯ شېن فۇۋېي: «جۇڭگو-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 19-بەت.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقەييۇم مىجىت (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇرلاردىكى «يامان بولىدۇ» توغرىسىدا

دۆلەت ئاقنىياز

«يامان بولىدۇ» سۆزى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپلىشىپ كەتكەن تۇراقلىق ئىبارە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىرى ئىچىدىكى دائىم تەكىتلەيدىغان ۋە قاتتىق چەكلەنگەن پەرھىزلىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى پەرھىزلەر ناھايىتى كۆپ، كېلىپ چىقىش مەنبەسى مۇرەككەپ، تارىخى ئۇزاق بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن كونكرېت قاتلاملىرىغىچە تەتبىقلانغان. «يامان بولىدۇ» سۆزى ئارقىلىق دائىملىق چەكلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم پەرھىزلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارنى ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيىلەشتە مۇئەييەن رول ئويناپ كەلگەن. پەرھىزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «يامان بولىدۇ» سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ھەتتا چوڭلارمۇ بىرەر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغاندەك ۋەھىملىك ھېسسىياتقا كېلىپ، قىلىۋاتقان ياكى قىلماقچى بولغان ناتوغرا ئىشلىرىدىن دەرھال قول ئۈزگەن. نەتىجىدە، «يامان بولىدۇ» سۆزى ئىجتىمائىي ئادەت كۈچ خاراكتېرىدە

ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن. «يامان بولىدۇ» سۆزى بولمايدۇ، توغرا ئەمەس، ياخشى بولمايدۇ دېگەندەك مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىنچاق يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ.

پەرھىزلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، زامان ۋە ماكان جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن باشلاپ شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، مۇئەييەن دىنىي ئېتىقادنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان بىر قانچە دىنلارنىڭ ئەبجەش تەسىراتلىرى بىللە داۋاملىشىپ كەلگەچكە، پەرھىزلەرنىڭ بەزىلىرى خۇراپىي مەزمۇنلاردىن خالىي بولالمىغان، دېمەك، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دىنىي ئەقىدىلەر ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەيئىلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش دائىرىسى ھەر جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىغان، يەنە بىر تەرەپتىن باللار ۋە ئۆسمۈرلەرگە شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ باغلىنىشلىرىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش ئاسان بولمىغاچقا، توغرا بولمىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى «يامان بولىدۇ» سۆزى ئارقىلىق چەكلىگەن. بەزى «يامان بولىدۇ»لارنىڭ سەۋەبى سورىغانلارغا، نانىنى دەسسىسە كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، قارلىغاچنى تۇتسا قولى تىترىگەك بولۇپ قالىدۇ، بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋالسا قېينئاتا-قېينئانىسىنىڭ قېشىدا ئوسۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ... دېگەندەك ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن قورقىتىپ سېلىش ئارقىلىق بىر قىسىم توغرا بولمىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى چەكلىگەن. «يامان بولىدۇ» سۆزى ئاڭلىماققا خۇراپاتلىقتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيە ئەندىزىسىنىڭ ئىخچام ئىپادىلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يامان بولىدۇ» ئارقىلىق چەكلەنگەن پەرھىزلەر ئىچىدە خۇراپاتلىق ۋە دىنىي مەزمۇندىكىلەردىن باشقا كۆپ قىسىم «يامان بولىدۇ»لار روشەن ھالدا ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي مەنىلەرگە ئىگە، شۇنداق بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئەخلاق تەربىيە مەزمۇنلىرى بىلەن ماس ھالدا ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

**1. ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش مەنىسىدە ئېيتىلغانلىرى:**

«زاراتگاھلىقتا دەسسىسە يامان بولىدۇ — توكۇر بولۇپ قالىدۇ. «زاراتگاھلىقتا تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ» — ئەۋرىتىگە جاراھەت چىقىپ قالىدۇ. «زاراتگاھلىقتا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» — تىلى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئاغزىغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ، «مازارغا قولىنى شىلتىسە يامان بولىدۇ» — قولى قۇرۇپ كېتىدۇ، «تۇغ شادىنى تۇتسا يامان بولىدۇ» — قولى قۇرۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى «يامان بولىدۇ»لار ماھىيەت جەھەتتىن ئىلمىي ھالدا چۈشەنگەندە ھازىرمۇ ئەمەلىي تەربىيە رولىغا ئىگە.

**2. ئەدەپ-ئەخلاق قائىدە-يوسۇن توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

بۇ ھەقتىكى «يامان بولىدۇ»لار بىر قەدەر كۆپ، بۇلاردىن مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتساق: «چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئادەمگە قاراپ ئەسنىسە، كېرىلسە، چۈشكۈرسە، تۈكۈرسە، كېكىرسە، بۇرنىنى كولىسا، مىشقىرسا، مېھماننى ئىشقا بۇيرۇسا، مېھمانلار ئالدىدا پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرسا، ئاتا-ئانىغا يانسا، ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزىگە پۇتىنى قاراتسا، ئادەم بار يەردە ئوسۇرسا، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلسا، يوشۇرۇن گەپ تىڭشىسا، گەپ توشۇسا، غەيۋەت قىلسا، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ھازىدارلار ئالدىدا كۈلسە، چوڭلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزارتسا، داستىخاننى ئاتلىسا، قولنى يۇغاندىن كېيىن سىلكىسە، سول قولدا تاماق يېسە يامان بولىدۇ» (ھەممە ئادەم ئوڭ قولدا تاماق يېگەچكە باشقىلارغا ماسلىشىش تەلەپ قىلىنغان) «مېيىپ، ئاجىزلارغا قاراپ كۈلسە، مەسخىرە قىلسا يامان بولىدۇ» — بالىسى مېيىپ تۇغۇلۇپ قالىدۇ. بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋالسا يامان بولىدۇ — (بوسۇغا ئۆيگە كىرىپ-چىقىدىغان يول بولغاچقا باشقىلارغا دەخلى قىلماسلىق كۆزدە تۇتۇلغان) «ئاشنىڭ سۈيى-چۈيىنى تەڭشەپ ئىچمىسە يامان بولىدۇ» — يېتىم بولۇپ قالىدۇ. «چوڭلارنىڭ ئايىغىنى كىيىۋالسا يامان بولىدۇ» —

ئۆزىدىن قېرى ئادەم بىلەن توي قىلىپ قالىدۇ. (يىقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئاياغ بۇزۇلىدۇ) «چاپانىنىڭ يېڭىنى ساپىمسا يامان بولىدۇ» (بۇ بىر خىل ئەدەپسىزلىك ياكى چاپان يەرگە چۈشۈپ كېتىش مۇمكىن) «كۆن قىزىلىدا ئۇخلىسا يامان بولىدۇ»، (كۆن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كۆن چىققاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالما) «ھېيت كۈنى چاچ چۈشۈرسە يامان بولىدۇ» ـــ گىلدىلىڭ باش بولۇپ قالىدۇ (ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىل) «ھاراق ئىچسە يامان بولىدۇ» ـــ دېۋەڭ بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىقى «يامان بولىدۇ» لار نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئەخلاق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھازىرمۇ داۋاملىق بىۋاستە تەكىتلەشكە بولىدۇ.

**3. بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

«قاراڭغۇدا تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ»، (قولنى كېسىۋالىدۇ ياكى چالا قالىدۇ» «قايچىدا تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ»، (قايچا بۇزۇلىدۇ ياكى قولنى كېسىۋالىدۇ)، «قاراڭغۇدا ئۆكچە چاقسا يامان بولىدۇ»، (قولغا ئۇرۇۋالىدۇ ياكى مېغىزىنى تاپالمايدۇ)، «ئىشتاننى ئۆرە تۇرۇپ كىيسە يامان بولىدۇ»، (يىقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئىشتان يىرتىلىپ كېتىدۇ)، «ئۆتۈكنى ئۆرە تۇرۇپ كىيسە يامان بولىدۇ»، (يىقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئۆتۈك يىرتىلىپ كېتىدۇ)، «ئۆرە تۇرۇپ، مېڭىۋېتىپ تاماق يېسە يامان بولىدۇ»، (پۇتلىشىپ كەتسە تاماق تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ياكى تاماق ياخشى ھەزىم بولمايدۇ)، «تاماق يەۋېتىپ گەپ قىلسا يامان بولىدۇ»، (تاماق نەپەس يولىغا كىرىپ كەتسە خەتەرلىك)، «ئارغامچىنى، تۆمۈر ئەسۋابنى، سۈپۈرگىنى ئاتلىسا يامان بولىدۇ»، (پۇتلىشىپ كېتىدۇ)، «ئوت ئوينىسا يامان بولىدۇ»، (كىيىمگە ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئوت تۇتۇشۇپ كېتىدۇ)، «كەچقۇرۇن ئۆي سۈپۈرسە يامان بولىدۇ»، (كېرەكلىك نەرسىلەر تاشلىنىپ كېتىدۇ)، «ئۆي سۈپۈرگىسىنى يۆلەپ قويسا يامان بولىدۇ»، (سۈپۈرگىنىڭ تاللىرى سۇنۇپ كېتىدۇ) «ئاچقۇچنى چۆرۈپ ئوينىسا يامان بولىدۇ» (قولدىن چىقىپ كەتسە تاپقىلى بولمايدۇ) «قاراڭغۇدا پۇل سانىسا يامان بولىدۇ» (ئېزىپ كېتىدۇ) «پۇتلاشقان نەرسىنى ئېلىۋەتمىسە يامان بولىدۇ» (باشقىلار ياكى ئۆزى يەنە پۇتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن) «كونا تام تۈۋىدە ئولتۇرسا يامان بولىدۇ» ـــ جىن ئېلىپ قاچىدۇ (خەتەرلىك)، «خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغاتسا يامان بولىدۇ»، (خورىكى يۇقۇپ قالىدۇ ياكى خەتەرلىك). يۇقىرىقى «يامان بولىدۇ»لاردا بىخەتەرلىك ۋە كىيىم ـ كېچەك، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار شەرھلەنگەن بولۇپ تۇرمۇشتا دائىم تەكىتلىنىپ كەلمەكتە.

**4. مۈھىت ئاسراش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

«يۇندىنى ئۆيدە ساقلىسا يامان بولىدۇ»، «يۇندىنى ئېرىققا تۆكسە يامان بولىدۇ»، «يۇندىنى ئىشىك ئالدىغا (ئادەم دەسسەيدىغان يەرگە) تۆكسە يامان بولىدۇ»، «ئەخلەت بىلەن كۆلنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسا يامان بولىدۇ» (كۆلنى بۇغدايدىكى ھال ـ قىزىل داغ كېسىلىگە قارشى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە، ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ، ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە يېيىتسا يامغۇر ئۆتمەيدۇ)، «ئېرىققا تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ»، «ئۆي ئىچىگە تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ»، «سۇغا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ»، «تەرەت قىلىۋېتىپ گەپلەشسە، ئەسنىسە، بىر نەرسە يېسە يامان بولىدۇ»، «ئۆرە تۇرۇپ سىيسە يامان بولىدۇ» (ئاياغقا، ئىشتانغا سۈيدۈك چاچرايدۇ) «بوران چىققاندا ۋارقىرىسا يامان بولىدۇ»، (ئاغزىغا توپا كىرىپ كېتىدۇ)، «تالاغا يالىڭاچ چىقسا يامان بولىدۇ»، (زۇكام تېگىدۇ ياكى كىشىلەر كۆرسە ئەيىبلەيدۇ) «قۇيۇن ئىچىدە تۇرسا يامان بولىدۇ» ـــ جىن چاپلىشىپ قالىدۇ. (كېسەل يۇقىدۇ)، «تىرناققا چىش كوچىلسا يامان بولىدۇ»، «كىيىمنىڭ يېڭىدە بۇرنىنى ئېيتسا يامان بولىدۇ»، «ئاغرىغان كۆزنى قولىدا تۇتسا يامان بولىدۇ»، «ئاياغ كىيىمنى، ئىشتاننى باش تەرەپكە قويۇپ ئۇخلىسا يامان بولىدۇ» ـــ دۈشمەن باشقا چىقىۋالىدۇ، «ئاياغ دۈم بولۇپ ـــ چەمى ئاسمانغا قاراپ قالسا يامان بولىدۇ» ـــ ئىشى ئوڭغا تارتمايدۇ. (ئاياغ مەينەت بولۇپ كېتىدۇ)، «زەي سۇنى ئىچسە يامان بولىدۇ»، «چاشقان دەسسەپ قويغان نەرسىنى يېسە يامان بولىدۇ»، «ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» (يۈزىگە چۈشىدۇ) يۇقىرىقى «يامان بولىدۇ»لاردا ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىملىك سۇنىڭ پاكىزلىقىنى

قوغداش، تازىلىقتا رىئايە قىلىپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ ھازىرقى مۇھىت ئاسراش، تازىلىقتا رىئايە قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيە مەزمۇنلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

**5. ھايۋانات ۋە قۇشلارنى ئاسراش توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

«ئۇلاغنىڭ بېشىغا ئۇرسا يامان بولىدۇ»، (باش قىسمىدىكى مېڭە، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرى زەخىملىنىدۇ)، «مۈشۈكنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ» ــــ دوزاخقا كىرىدۇ، («مۈشۈكى يوق ئۆينىڭ تاغىرى تۈشۈك»، مۈشۈك چاشقان تۇتۇش ماھىرى، ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى) «قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزسا يامان بولىدۇ»، «پاقىنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ»، (پاقا چىۋىن قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ)، «قارلىغاچنى تۇتۇپ ئوينىسا يامان بولىدۇ» ــــ قولى تىترىگەن بولۇپ قالىدۇ. «تورغاينى تۇتسا يامان بولىدۇ» ــــ يۈزى سەپكىنلىك بولۇپ قالىدۇ، «ھۆپۈپنى تۇتسا يامان بولىدۇ» ـ ئوسۇرغاق بولۇپ قالىدۇ. (ھۆپۈپ زىيانلىق قۇرت - قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ يەيدىغان پايدىلىق قۇش) «ھۇۋقۇشنى، مۈشۈكياپىلاقنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ» ــــ قارغىشقا كېتىدۇ. (ھۇۋقۇش، مۈشۈكياپىلاقمۇ چاشقا تۇتۇش ماھىرى، ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى) يۇقىرىقى «يامان بولىدۇ»لار ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى قوغداپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش توغرىسىدىكى تەربىيە مەزمۇنلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**6. ئاشلىقنى قەدىرلەش توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

«نانني (نان ئۇۋىقىنى) دەسسىسە يامان بولىدۇ» ــــ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، «ناننى داپ چالسا، دۈگىلىتىپ ئوينىسا يامان بولىدۇ»، «تاماقنى پاكىز يېمىسە يامان بولىدۇ» ــــ بالىسى سەت، چاپاق تۇغۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل «يامان بولىدۇ»لار ئاساسەن نانغا مەركەزلەشكەن بولۇپ «ناننى دەسسىسە يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «بىر نان مىڭ قولدىن ئۆتىدۇ» دېگەن ماقالە بار. ئىلگىرىكىسىنى دېمىسەكمۇ ھازىرقى بىر قەدەر ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق دەۋرىدىكى دائىملىق يېمەكلىك بولغان ناننىڭ ئېغىزغا تېگىش جەريانىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ھەر بىر ئىش ھالقىلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلەتكەن ماددىي نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلار بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق، مۇرەككەپ، زەنجىرسىمان، ھېساب بولۇپ «بىر نان مىڭ قولدىن ئۆتىدۇ» دېگەندىن نەچچە 100 ھەسسە ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جان ئوزۇقى بولغان ناننى شۇ دەرىجىدە قەدىرلىگەنلىكى ھەرگىز ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىقنىڭ قىسلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى شارائىتىدا ئاشلىقنىڭ جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەنلىكىدىن بولغان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئاشلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەپ ناننىڭ ئۇۋىقىنىمۇ زايە قىلىشقا كۆزى قىيمىغان. بۈگۈنكى دەۋردە تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ناننى دەسسىسىمۇ، تاشلىۋەتسىمۇ ھېچنېمە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر قىسىم ئائىلە، ئاشخانىلاردىكى ئىسراپچىلىقلارمۇ ھەممىگە ئايان، چۈشىنىشىمىز كېرەككى، نان ئاشلىقتىن بولىدۇ. ناننى قەدىرلەش ــــ ئاشلىقنى قەدىرلىگەنلىك. ئاشلىقنى قەدىرلىگەنلىك ــــ دېھقانىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىگەنلىكتۇر. دېمەك، ئاشلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىش، ئىسراپ قىلماسلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى بولۇپلا قالماي، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر خىل ئىپسىل ئىپادىسى. شۇڭا، ياش - ئۆسمۈرلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ ھەر بىر ۋاق تاماقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن باشلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئەمگەكنى، ئەمگەكچىلەرنى سۆيۈش، ئەمگەك مېۋىسى بولغان ئاشلىقنى قەدىرلەش توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر، بۇ ئارقىلىق ناننى دەسسىسە كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ دېگەننىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا سىڭدۈرۈش كېرەك.

**7. پاك - دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدا ئېيتىلغانلىرى:**

«كىشىنىڭ ھەققىنى يېسە يامان بولىدۇ» ــــ قىيامەتتە سورىقى بار. بۇ بىر جۈملە «يامان بولىدۇ» ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، قاقتى - سوقتى قىلىش، ئوغرىلىق،

بۇلاڭچىلىق، سودا ـ سېتىشتا ئۆلچەمنى ئادىل تۇتماس-
لىق... قاتارلىق ناتوغرا قىلمىشلارنى چەكلەشتە مۇئەييەن
رول ئويناپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باراۋەر، سەممىي
ئادىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. قەدىمدىن تارتىپ ھا-
زىرغىچە كىشىنىڭ ھەققىنى يېسە يامان بولۇشتىن قورقماي-
دىغان، ھالال ـ ھارامنى ئايرىمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر
بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر كىشىنىڭ
ھەققىنى يېيىشنى ئەيىبلەيدۇ. دېمەك، «كىشىنىڭ ھەققىنى
يېسە يامان بولىدۇ» دېگەن بۇ خىل ئىجتىمائىي ئەخلاق
قارىشى نۆۋەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلىۋاتقان
ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، سەممى-
مىي بولۇش، ئىش بېجىرىشتە ئادىل بولۇش توغرىسىدى-
كى تەلەپلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىر-
دەكلىككە ئىگە.

ئومۇمەن قىلغاندا، ئەينى چاغلاردىكى ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرى قالاق، مۇنتىزىم پەننىي مائارىپ تەربىيە-
سى بولمىغان، ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەردە «يامان بول-
دۇ»لارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلاردىكى پەرھىزلەر قاتا-
رىدا ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى ئەنئەنى-
ۋى ئەخلاق ـ تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە
مۇھىم رول ئوينىغان، ھازىرمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى
يوق. ئەمما، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا
زامانىۋىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ
جۇملىدىن بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ شەيئىلەرگە بولغان بى-
لىشى چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىز-
دىن قالغان «يامان بولىدۇ»لارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى
ۋە ماھىيەت جەھەتتىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى
ئەمەلىيەتكە، باغلاپ كونكرېت چۈشەندۈرۈشىمىز ھەم
ئۇنى ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت بىرلىكتە ئېلىپ بارىدى-
غان ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ـ تەربىيەسى، قائىدە ـ
يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيەسى، ئىدىيەۋى سىياسىي
تەربىيە، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيەسى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى-
غا زىچ ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ئارقىلىق بالىلار ۋە
ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر خىل «يامان بولىدۇ»لارغا
بولغان چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا دۇنيا
قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش، توغرا قىممەت قارىشى
ۋە ئەخلاق ئادەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ياخشى ئاساس يا-
راتقىلى بولىدۇ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:
ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي.
ما پىنيەن: «شىنجاڭدىكى دىن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى»، مىل-
لەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي.
نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسيونېرى)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ
ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ
قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى




# ئۇچتۇرپاندىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى ھەققىدە ئىككى رىۋايەت

ئۇچتۇرپان ناھىيەسى تارىختا نامى مەشھۇر بولغان قەدىمي يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ يۇرتتا «توققۇز بۇلاق سەيلىگاھى»، «سويۇتقا بۇلاق»، «يېڭى ئايماق قەدىمي شەھرى» قاتارلىق مەشھۇر ساياھەت ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ناھىيە دەرىجىلىك ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى خېلى كۆپ. شۇنداقلا يەنە ئاشۇ جايلارغا باغلىنىشلىق نۇرغۇن قىزىقارلىق، تەسىرلىك رىۋايەتلەر بار. تۆۋەندە مەن توپلىغان ئىككى مەشھۇر ساياھەت ئورنى ھەققىدىكى رىۋايەتنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

**مەشھۇر سەيلىگاھ ــ «قۇمبۇلۇڭ» ھەققىدە رىۋايەت**

كىشىلەر ئېغىزىدا ھەمىشە «قۇمبۇلۇڭ» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ جاي ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە، ناھىيە مەركىزىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوتىبېشى يېزىسىغا تەۋە (ئوتىبېشى يېزا مەركىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 7 ـ كەنت تەۋەلىكىدە) تاغنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى قەدىمي مەشھۇر قۇمغا كۆمۈلۈش ئورنى ناھىيە مەركىزىدىن يىراق بولۇشىغا قارىماي قاتنىشى راۋان ۋە قولايلىق.

بۇ جاينىڭ جەنۇب، شەرق ۋە شىمالىي تەرەپلىرى بىر گەۋدىگە ئايلانغان تاغقا تۇتىشىپ تۇرغاچقا

«قۇمبۇلۇڭ» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. غەربىي ياقىسى بولسا شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېتىز-باغلىرىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا چىقسا ئۈچتۇرپاننىڭ چەت-چېتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قۇم بارخاننىڭ كۆلىمى 4000 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدىكى قۇم سىلىق ھەم يۇمشاق بولۇپ، ھەر يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى كۈن توختىغان مەزگىلدىن 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى (تولىراق ھەر شەنبە كۈنىسى) ئۈچتۇرپاننىڭ جاي-جايلىرىدىن (ھەتتا باشقا ناھىيە-شەھەرلەردىن) سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن، بوغۇم ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ياكى ھېچقانداق كېسىلى بولمىسىمۇ مۇشۇنداق جايلارنى سەيلە-ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر كېلىپ، سائەت-سائەتلەپ قۇمغا كۆمۈلۈپ راھەتلىنىپ قايتىپ كېتىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ قۇملىرى ماگنىتلىق داۋالاش، ئۇلترا بىنەپشە نۇر ۋە ئىنفرا قىزىل نۇر بىلەن تېرىدىكى كېسەللىك باكتېرىيەلىرىنى، شۇنداقلا پارازىت قۇرتلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى، تۇخۇملىرىنى يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغان، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈپ، كۈن نۇرى بىلەن ھەم ئۇۋۇلاپ داۋالاش مەقسىتىگە بىرلا ۋاقىتتا يەتكىلى بولىدىغان، ئاچچىق تەرنى چىقىرىپ ماددا ئالمىشىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان تەبىئىي سۇسىز مۇنچا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياشانغان بوۋاي-مومايلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ جايدا كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق رەسمىي ئادەت شەكلىدە قۇمغا كۆمۈلۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىغا 100 يىلدىن ئاشىدىكەن. بۇ جايدا يەنە چېلىششقا ئوخشاش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ سەيلىگاھقا يىلدا كېلىدىغان كىشىلەر 10 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئاشىدۇ.

«قۇمبۇلۇڭ» ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت خەلق ئىچىگە كەڭرى تارقالغان. بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ يۇرتتا موللا كۇرجەك موللام دەيدىغان بىر ئۆلىما كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ مۇقەددەس كىتابلاردىن تولۇق خەۋەردار كارامەت ئىگىسى ئىكەن. ئۇ كىشى يىغىن يىغىشنى (جىنلارنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى) بىلىدىكەن. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بۇيرۇقنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغان يىغىنلىرى (بىر قانچە خىزمەتكە جىنلىرى) بولغان ئىكەن. جىنلارغا ھەمىشە مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىدىكەن. جىنلار موللا كۇرجەك موللام بۇيرىغان ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولۇپلا يەنە «بىزنى ئىشقا بۇيرۇڭ» دەپ كۆزىگە كىرىۋالىدىكەن. موللا كۇرجەك موللام جىنلارغا لايىقىدا ئىش تېپىپ بېرەلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىر مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن مۇشۇ تاغنىڭ بۇلۇڭىغا كۆشۈك (دېھقانلار خامان تەپكەندە تولۇق تاشنى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئېشەك، خېچىر ياكى كالىلارنىڭ خاماندىكى ئاشلىقلارنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىغا سالىدىغان، سىمدىن توقۇلۇپ ياسىلىدىغان چويلا شەكلىدىكى نەرسە) بىلەن قۇم توشۇشنى بۇيرۇپتۇ. جىنلار تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن مۇشۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرۈپ كۆشۈكنىڭ گىرۋەكلىرىدە تۇرۇپ قالغان ئازغىنە قۇم بىلەن مۇشۇ جەينەك شەكلىدىكى شۇنچە كەڭ يەرگە ناھايىتى قېلىن قۇم دۆۋىلەپتۇ... شۇڭلاشقا بۇ يەرنىڭ قۇمى باشقا يەرلەردىكى قۇملارغا زادى ئوخشىمايدىغان خىسلەتكە ئىگە ئىكەن.

بىر نەرسىنى بىلگىدەك بولغان چاغلىرىمدا بۇ يەرنىڭ قۇمى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى، تاغنىڭ بۇلۇڭىدىكى شۇنچىۋالا كەڭرى يەرگە لىققىدە كەلگەن ناھايىتىمۇ قېلىن قۇم دۆۋىسى بار ئىدى. يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە ئولتۇراق ئۆي سېلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى تام سېلىش ئۈچۈن قۇمغا ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەر ئۇنچە يىراق بولمىغان توشقان دەرياسى ساھىلىدىن قۇم ئەكىلىشكە ئېرىنىپ، يېقىنراق بولغان مۇشۇ يەردىكى قۇمنى توشۇۋەرگەچكە ھەم ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان بۇ مەشھۇر جاينى قوغداپ، بۇ يەرنىڭ خىسلەتلىك قۇمىنىڭ باشقا يەرگە توشۇلۇپ كېتىلىشىنى توسۇشقا نە ھۆكۈمەت ۋە نە بىرەر شەخس دەل ۋاقتىدا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ يەردىكى قۇممۇ خېلى بەكلا ئازلاپ كەتتى. پەقەت تاغنىڭ باغرىغا ياكى پەس تەرىپىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئازلا قۇم دۆۋىسى قالدى. ھىلال ئاي شەكلىدىكى شۇنچە كەڭرى مەيداندىكى قۇم پەقەت ئون يىلغىمۇ يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توشۇپ كېتىلىپ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قۇمنىڭ ئورنىدا كەڭرى بىر ئويمان پەيدا بولدى. ئەمدىلىكتە نۇرغۇن كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا قۇمغا كۆمۈلۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلسە ئۆچىرەت ساقلىمىسا بۇ ئازغىنە قۇم دۆۋىسىگە ھەرگىزمۇ پاتمايدۇ.

بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، بۈگۈنكى كۈندە

موللا كۆرجەك موللامنىڭ گېپى بولسا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى «دەقيانۇسنىڭ زامانىدىكى كونا گەپ» دەپ پەرۋايىغا ئالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەرنىڭ قۇمنى تۇشۇپ ئەكىتىپ ئۆيىگە ئىشلەتكەن ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان بىر قىممەتلىك بايلىقنى ئوغرىلىغان قىلمىشىنىڭ چىن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نەقەدەر چوڭ گۇناھ ھەم ئەجدادىمىز ۋە ئەۋلادىمىز مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەرمۇ؟ ئەگەر ئاشۇ كىشىلەردىن بىرەرسى بولسىمۇ بۇنى ئويلاپ يەتكەن بولسا، ئۆز قىلمىشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى «چىممىدە» قىلارمۇ؟ ناۋادا بىرەر ياخشى نىيەتلىك كىشى ئۇن يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تۇشۇپ كېتىلگەن مۇشۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە ئەكىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، كىشىلەر بۇ چاقىرىققا ئۆزلىكىدىن ئاۋاز قوشارمۇ؟ ئەگەر ئاۋاز قوشتى دېگەن ھالەتتىمۇ بۇ ئىش يەنە قانچە يىلدا تاماملىنار؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك تەس. بۇ يەرنىڭ قۇمى قاچانلا قارىسا خۇددى بىركىم ئەتەي يۇيۇپ-چايقاپ، قۇرۇتۇپ قويغاندەك شۇنداق پاكىز، پارقىراق ۋە دانىمۇدانە، بۇنىڭدىن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قالغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئەخلاق بىزنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى، ئۆز ئادەملىرىمىزنى، ئانا يۇرتىمىزنى، ھەتتا ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھەر سىقىم تۇپىسى، ھەر بىر تال گىياھىنى سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە، ئالەمدىكى پۈتۈن مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇلۇغ ۋە مۆرۋۋەتلىك ئىنسان بولۇپ ياشاشقا، مۇشۇ يۇرت، مۇشۇ ۋەتەن ئالدىدا، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا ئاسىي-گۇناھكار بولۇپ قالماسلىققا ئۈندەپ كەلگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز قاچانكى ئاشۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى بولغان ئەقىدە-ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قالساق، ئۇ چاغدا ھەممە-ھەممە نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇڭا گۈزەل ئەخلاقنى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بىزنى ھەر دائىم گۇناھ-مەئىشەتلەردىن قوغداپ تۇرىدىغان مۇقەددەس قورغان. مۇشۇ گۈزەل ئەخلاق مەۋجۇدلا بولسا، خىسلەتلىك قۇمبۇلۇڭنىڭ قۇمى مەڭگۈ ئازلاپ كەتمەسلىكى، خەلقىمىزنىڭ زەئىپ تېنىگە ماغدۇر-قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى قۇملار مەڭگۈ قوغدىلىشى كېرەك.

**توققۇز ساراي ياكى «سارام مىڭئۆيى» ھەققىدە رىۋايەت**

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسى قۇچا (4-كەنت) كەنتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا «توققۇز ساراي» («سارام مىڭئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. مەھەللە ئىچىدىن تەخمىنەن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارىمۇقارشى ئىككى تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغنىڭ قاپتىلىدا بىر-بىرىگە يېقىن جايدا گەمە ياكى ئۆڭكۈر شەكلىدە ئويۇلغان جەمئىي 14 ئۆي بولۇپ، ئەڭ يېقىن بىر جايدىكىسى توققۇز ئۆي بولغانلىقتىن «توققۇز ساراي» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا تۆت مېتىر كېلىدىكەن. يىغىنچاق ئولتۇرسا تەخمىنەن 20 ئادەم پاتىدىكەن. ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىچىگىمۇ ئىككى ئادەم پاتىدىكەن، بۇ ئۆيلەرنىڭ قايسى زاماندا ئويۇلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بىر-ئىككىسىگە شوتا قويۇپ چىقمىسا ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىكەن، قالغانلىرىغا دەخلىسىز كىرگىلى بولىدىكەن.

بۇ ئۆيلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن: بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ يۇرتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بولغانىكەن. پادىشاھ بۇ قىزىغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىكەن. قىزى چوڭ بولغانسېرى ھۆسنىگە تولۇپ، گۈزەللىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى قىزى ھەققىدە پال ئاچتۇرۇپ كۆرسە، پالچىلار: «قىزىڭىزنى ھەرە چېقىپ ئۆلىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولۇپتۇ. ئاندىن قىزىنى ھەرە يوق يەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئاشۇ تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرەپكە قارىغان باغرىغا تاغنى ئويۇپ بىر-بىرىگە بەكمۇ يېقىن توققۇز ئېغىزلىق ئۆي ياساتقۇزۇپتۇ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن قىزىنى كېنىزەك ۋە مەھرەملەر بىلەن ئاشۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ ۋە قاتتىق قوغداپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قىز ئۈزۈم يەۋاتقاندا ئۈزۈمگە ئولاشقان بىر ھەرە بۇ قىزنى چېقىۋاپتۇ-دە، قىز بىردەمدە جان ئۈزۈپتۇ... شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاي «توققۇز ساراي» دەپ ئاتالغانىكەن. يەنە «سارام مىڭئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىئاۋات يېزا قۇچا كەنتىدىن ئوبۇل **ھاشىم ھاجىم. خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇلھەمىد خۇدابەردى مۆلجەرى**

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدا)



2016.1







# دوپپا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا




مۇھەممەدقازى ئەيسا




## دوپپا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە زۆرۈرىيىتى

ئالدى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، دوپپا ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، گۈزەل ھەم ئۇلۇغ مەدەنىيەتتۇر. دوپپىنى ئۇلۇغ مەدەنىيەت دېيىشىمىزدە مۇنداق بىر قانچە خىل ئاساس بار.






نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلۇغ مەدەنىيەت دېگىنىمىز، مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپ كىشىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئورتاق تۈرمۇش پەلسەپىسى ۋە ئورتاق ئەخلاقى، گۈزەللىك قاراشلىرى ئاساسىدا تەبىئىي شەكىللەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرەققىياتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىغا قارىتىلىدۇ. تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ (مىللەتنىڭ) ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىدا ياشاش شارائىتى ئېھتىياجى، ئەمگەك شارائىتى ئېھتىياجى، مەنىۋى ئېھتىياجى ئاساسىدا ئىختىرا قىلىنىپ، ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل تۇرمۇش ئېھتىياجىغا پايدىلىق شەرت-شارائىت ھازىرلاپ كەلگەن ماددىي بايلىق (يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلار) ۋە مەنىۋى بايلىق (تىل-يېزىق، پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، دىنىي قاراشلار، سىياسىي، قانۇن، تارىخ، سەنئەت نەتىجىلىرى) لارغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوپپا مەدەنىيىتى مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن، مەيلى تۇرمۇش ئېھتىياجى جەھەتتىن بولسۇن ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان. ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتى شەرىپىگە نائىل بولۇشقا تېگىشلىك قىممىتى ئىنتايىن زور، گۈزەل ھەم مۇكەممەل بىر خىل مەدەنىيەتتۇر، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى، تۇرمۇش شارائىتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي،










بەلكى ئۇلارنىڭ پەلسەپۋى، ئەخلاقى، كىشىلىك قاراشلىرىنى، گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولۇپ، ئۇلارغا مەنىۋى خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش باش تارتساق بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە ئىپتىخارىمىزدۇر.

دوپپا مەدەنىيىتىمىزنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دېيىشىمىزدە مۇنداق بىر قانچە ئاساس بار.

بىرىنچىدىن، دوپپا مەدەنىيىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد مەدەنىيىتىمىزگە، يېزىق مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش ياكى شەپكە، شلەپە قاتارلىق باش كىيىملەرگە ئوخشاش باشقىلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەن مەدەنىيەت بولماستىن، بەلكى بىۋاستە ھالدا ئۆز ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگە ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت گېنى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرى سىڭدۈرۈلگەن، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلماي، ساپ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن مەدەنىيەت.

ئىككىنچىدىن، دوپپا مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخى بار. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە فولكلور تەتقىقاتى نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىم كىيىش تارىخى 5000 يىلدىن ئارتۇق دەپ تەخمىن قىلىنسا، شاپاق دوپپىنىڭ 5000 يىل، بادام دوپپىنىڭ 2500 يىلدىن 3000 يىلغىچە، چىمەن دوپپىنىڭ 1500 يىل ئەتراپىدا تەخمىن قىلىنماقتا.

ئۈچىنچىدىن، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش ئۇدۇمى-ئادىتى بار. ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇش، يېزىق ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن دوپپا-تۇماق مەدەنىيىتىمىزنى خۇددى ئانا تىل مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇش ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى قويۇقلاشتۇرۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن.

دوپپا مەدەنىيىتىمىزنى مىللىي مەدەنىيەت دېگەندە مۇنداق تەلەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دوپپىنىڭ تۈرلىرى، شەكىللىرى، گۈل نۇسخىلىرى شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي، شەكلى قۇرۇلمىسى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى، تىكىلىش ئۇسۇللىرى دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ يازلىق باش كىيىملىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ، مىللىي خاسلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مىللىي خاسلىقى شۇنچە نازۇك، ئىنچىكە، سىرلىق، شۇڭا ئۇنى باشقا مىللەتلەر دوراي دەپمۇ ئەينەن دورىيالمايدۇ. ئوخشىتىمەن دەپمۇ ئوخشىتالمايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن دوپپىنىڭ ئىستېمالمۇ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىدۇ. (ئەسكەرتىش: بادام دوپپا، تەشكەن دوپپا قاتارلىقلارنى قېرىنداش ئۆزبېك خەلقىمۇ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ۋە ئىستېمال قىلىۋاتقان شۇ خىل دوپپىلار ئەڭ قەدىمكى بادام دوپپا، تەشكەن دوپپىلارنىڭ يەرلىك نۇسخىلىرى بولۇپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر بادام دوپپىسى ۋە تەشكەن دوپپىلىرى بىلەن تارىخىي يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى بار) گەرچە دوپپا مەدەنىيىتىمىز باشقا رايونلارغا ۋە باشقا ئەللەرگىچە يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىستېمال جەھەتتىكى يۈزلىنىش بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەت

2016.1



تونۇشتۇرۇش، مەدەنىيەت
تەشۋىقاتى جەھەتتىكى يۈزلە-
نىشتۇر. باشقا ئەللەر ياكى
باشقا مىللەتلەر خەلقى دوپپىنى
ئىستېمال ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى خاتىرە بۇيۇمى، ئالاھى-
دە مەدەنىيەت بۇيۇمى ياكى
زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە
قوبۇل قىلدۇ ھەم سېتىۋالدۇ.
دوپپىنى پەقەت ئۇيغۇرلار
تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئى-
ستېمال قىلدۇ.

## دوپپا مەدەنىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىسلار

دوپپا مەدەنىيىتى قاتمۇ-
قات خىرىس ۋە كىرىزىسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق
قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەن.
ئالايلى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي
تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن تېز بولماق-
تا. بۇنداق ئەھۋال كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرىگە تەسىر قىلىپ ئەنئەنى-
ۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن كې-
چىشكە ياكى ئۇنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشقا
مەجبۇر قىلماقتا. مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇزاق مەزگىل بې-
كىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىمۇ بۇ
خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئالايلى، ھەرقايسى
شەھەر، ناھىيە ۋە ئۇلار ئەتراپىدىكى يېزىلاردىمۇ كۆپ
قەۋەتلىك ئولتۇراق ئۆيلەر ئومۇملىشىپ، ئولتۇراق بىنا
مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك خام
كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، ئوتۇن، كۆمۈر بىلەن تاماق
ئېتىدىغان، ئەپكەش بىلەن ئېرىق، كۆللەردىن سۇ توشۇي-
دىغان ، ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن دېھ-
قانچىلىق قىلىدىغان تۇرمۇش شەكلى بىلەن خوشلاشماقتا.
بىنالاردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بالىلار ئەنئەنىۋى ئۆي-
ھويلىلاردا ئىشلىتىدىغان كەكە، پالتا، كەتمەن، تاغار،
خورجۇن، كىگىز، پالاس، ئەپكەش، چېلەك، سېۋەت،
زەمبىل، ئەلگەك، ئارغامچا دېگەندەك ئۆي سايمانلىرى
ۋە ئوچاق-تونۇر، كۆك-كۆلچەم، ھويلا-مەھەللە قاتار-
لىقلاردىن خەۋەرسىز چوڭ بولماقتا. ئاشۇ خىل ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەتكە دائىر سۆز-ئاتالغۇلار ئۇلارنىڭ لۇغىتىدىن
بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، بىر قىسىم ئەن-
ئەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرىمىز، ئۇسۇللىرىمىز تەبىئىي
شاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. گەرچە ھازىر دوپپا مەدەنىيىتى-
مىز ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىس-
تېمالدىن توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تە-
رەققىيات ۋە يېڭى مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ تەسىرى
دوپپا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىستېمالىغا بەلگىلىك خىرىسلار-
نى ئېلىپ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيت-
قاندا، ياۋروپادىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن تەرەققىي
قىلغان ئەللەردىكى زامانىۋىلاشقان ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرى شۇ ئەللەردىكى ئەنئەنىۋى قول سانائەت ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورنىغا چىقىش، تارىخىي مۇقەر-
رەرلىك بولۇپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن
ئېلىمىز ئىگىلىكىدە سانائەتلىشىش تېز سۈرئەتتە تەرەققىي
قىلىپ كۆپ خىل مىللىي قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرى زامانىۋى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە
ئورۇن بوشىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە زور
ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شىنجاڭ رايونىمىزدىمۇ
ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى تو-
قۇمىچىلىق، كۆن-خۇرۇمچىلىق تىككۈچىلىك، ئاشلىق ياغ
پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەتلەر
زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئورۇن بوشىتىپ، بۇ

ساھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە دوپپىچىلىقتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوللىنىش ياكى ماشىنىلاشتۇرۇش قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان خىرىس بولۇپ تۇرماقتا. دوپپىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش دېمەك دوپپا گۈل نۇسخىلىرىنى كومپيۇتېردا لايىھەلەش، كەشتە ستانوكلىرىدا كەشتىلەش، تەپچىك، پىلتىلەش، قوندۇرۇق، قېلىپلاش، قاچىلاش قاتارلىقلارنىمۇ ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىش دېمەكتۇر. ماشىنىلاشتۇرۇشتىن مەقسەت ئەمگەك سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئىستېمال شارائىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەتلەرنىڭ ماشىنىلىشىشى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلسىمۇ لېكىن مەنىۋى ئىستېمالى ۋە مەنىۋى مەنپەئەتى گەۋدىلىك بولغان، مىللىي خاسلىقى ۋە ئەنئەنىۋىلىكى روشەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالى ئاساسەن ئۇيغۇرلار بىلەن چەكلىنىدىغان دوپپىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. ئالايلى:

2000-يىلىدىن باشلاپ دوپپىچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئىش ھالقىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنىلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئېشىپ، بىر قانچە دوپپا كارخانىلىرى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى دوپپا بازارلىرىنى تويدۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى (قول بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان) ئۇسۇلدا دوپپىچىلىق قىلىدىغان نەچچە تۈمەن دوپپىچى ئىشسىزلارغا ئايلىنىپ ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىمىزگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلماقتا.

## دوپپا مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇشتا نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

دۆلىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت باشقۇرۇش ۋە ئەمگەك باشقۇرۇش ئورگانلىرى، بىرلەشمە كۈچ تەشكىللەپ، نىشانلىق ھالدا رايونىمىزدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچى بىر قەدەر چوڭ بولغان «مىراس»، «ئىلچى»، «بالىم» قاتارلىق مىللىي كىيىم-كېچەك شىركەتلىرىنى دوپپىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنى مەخسۇس بىر تۈر سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەلا تۈرلەر ۋە قول ھۈنىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان ماشىنىلاشتۇرۇشنى تۈر ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللاپ، سەرخىل، ئىناۋەتلىك تاۋار ماركىلىرى ئارقىلىق دوپپا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى گۈللەندۈرۈپ، دوپپا مەدەنىيىتىنى ئۈنۈملۈك قوغداشقا ۋە قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

دوپپىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى، سەنئەت قىممىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى تۈر تۇرغۇزۇپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلغار مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، مىللىي مەدەنىيەت كىملىكىمىزنىڭ سىمۋولى بولۇشقا ، پەخىرلىنىشكە، داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىش لازىم.

جەمئىيەتتىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى دوپپا مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلغار ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە يېتەكلەش، دوپپا مەدەنىيىتىنى، دوپپا مەزمۇن قىلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، دوپپىنى مەزمۇن قىلغان رىۋايەت، باللار ئويۇنلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق چۆچەكلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش ۋە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دوپپا مەدەنىيىتىمىزگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۇل قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە ياخشى ئىشلەش لازىم.

يۇقىرىقىدىكىلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت دوپپا مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەتئىي ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئېسىل، ئىلغار مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ياش ئەۋلادلارنىڭ سەمىگە سېلىش، مۇشۇنداق ئىلغار مەدەنىيىتىمىزنىڭ قاتمۇقات خىرىس ۋە كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئاشۇ كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇش ياكى تەدبىر ئويلاشقا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پېشقەدەم كادىرلار مۇلازىمەت مەركىزىدىن)

# ئۇيغۇرلاردا تەبىر - بىشارەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتى



**سابىرجان سېيىت**

ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ زېمىندا ياشىغان ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بېرى تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى بىلىش جەريانىدا زېھنىي قۇۋۋەتلىرىدە بېھساب بىلىش، ھېس قىلىش جەۋھەرلىرىنى ھاسىل قىلدى ۋە ئۇنى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە ساقلاپ كەلدى. فولكلور خەزىنىسىگە مەنسۇپ بولغان تەبىر - بىشارەت بېرىش تارىخى قەدىمىي دەۋرلەردىن باشلىنىدۇ، تەبىر - بىشارەتلەردە قەدىمكى شامان، ئاتەش، بۇددا، خىرىستىيان، كاتولىك، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرى دەۋرلىرىدىكى جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى تەبىئەتكە ۋە ئىنسان جىسملىرىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ تەبىئەتكە قارىتا بېھساب جەۋھەر چۈشەنچىلەر يارقىن يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇرىدۇ.

چۈش كۆرۈش ئادەم ۋە ھايۋان مېڭىسىدىكى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قاتلىمىدىن ئىبارەت. چۈش شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ ئۆتمۈشىگە ئىشارەت ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشىغا بىشارەت بولىدۇ. بۇ يەردە زامان ماكان ئوبيېكتىپ رول ئوينايدۇ. بىر شەخسىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا چۈش چوڭ مېڭە «مەنىۋىيەت»، ھۈجەيرىلىرى ئۇخلاپ، ئوتتۇرا مېڭە ھۈجەيرىلىرى جانلانغان چاغدىكى ئىچكى تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت.

چۈش تەسەۋۋۇر ھەرىكىتى بولغاچقا، ئۇ كۆزنىڭ يىلتىزى بولغان ئوتتۇرا مېڭىدىكى پوستلاق ئىچىدىكى ئاقسىل «مېڭە زەرەتلىرى» دېگەن ئىن، سىن قارچۇقلىرى ھەرىكىتىدۇر. ئىنسان جىسمىدا تۆت خىل فىزىكىلىق كۈچ مۇناسىۋەتلىرى، يەنى بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزا ۋە ھورمۇنلارنىڭ زىل سىملىرى بىلەن زەرەتلىنىپ لەيلەپ تۇرغان ھەرىكەتلەر ئېلېكترون مىقدارىدىكى ئۆزگىرىشلەر

بولىدۇ.
مىكرو مەنىدىن قارىغاندا، يەر شارىدىكى تۆت تادۇ
تەگلىمىسى ۋە يەر شارىنىڭ يۇمىلاق شار شەكلى، بۇ
يۇمىلاق جىسىم ئىچىدىكى ئىچكى بۇلۇڭلار ئىنسانلارنىڭ
ئىقتىسادىي ھېسسىياتى جەھەتتىكى ئورنى قىممىتى،
يۇمىلاق شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. بىر ئىنسان جىسمى مەلۇم
بۇلۇڭ سىزىقىدىكى بىر چېكىت بولىدۇ. مەسىلەن، بىر
كىشى بىر سىزىقتىكى چېكىت ئورنىنى بەلگىلىسە بۇلۇڭلار-
دىن ئەكس تەرەپ يۇمىلاق ئايلانمىدىكى بىر چېكىت تا-
ناسىپ بولىدۇ. بىر سىزىقتىكى بىر چېكىت بىلەن ئەكس
تاناسىپ مۇناسىۋەتنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.
چۈشكە ئىشارەت «لال» بىلەن كەلگۈسىگە بېشا-
رەت «پال»نىڭ مۇناسىۋىتى بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى-
گە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن بىر تەرەپ ئۆتمۈش، يەنە بىر
تەرەپ ئۆتكۈزۈش دېسەك بىر كىشى بىر مەركىزىي
چېكىت بولىدۇ. ھەر قانداق كىشى چۈشكە تەبىرلەش ئى-
شارىتىگە ئېھتىياجلىق بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم تۇرمۇشقا
بولغان بېشارەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇنداق چۈش كۆ-
رۈپتىمەن، بۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن، ئاقىۋىتى قانداق
بولاركىن دېگەن تۇيغۇ ماھىيەتلىك ھادىسىدۇر. چۈنكى
ئىشارەت بىلەن بېشارەت خۇددى ئىككى قول، ئىككى
پۇت قەدەملىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئەكس تاناسىپ ھەرىكىتى-
دەك، ئوتتۇرا مېڭە بىلەن يۇقىرى مېڭە ئارىسىدىكى ئې-
چىلىش-يېپىلىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر
كىشىنىڭ كۈندۈزدىكى تۇرمۇشى، بىر كۈنلۈك ھاياتى چې-
چىلاڭغۇ، قالايمىقان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەردە ئۆتىدى-
كەن، ئۇنىڭ كېچىدىكى ئوتتۇرا مېڭە ھەرىكىتى مىكرو-
لۇق ھاياتى يەنى «چۈشلىرى» شۇنداق بولىدۇ. چۈشتى-
كى لىپ قىلىپ ئۆتكەن بىر كۆرۈنۈش ئەسلىي ھاياتتىكى
يىللار ۋە يىراق ماكانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. توغرا
ئىشارەت ۋە توغرا بېشارەت قىلىش ئۈچۈن، مەنتىقە تە-
پەككۇردا گاھ ئون، گاھ 100 يىللارغا تەڭ قىلىپ تۈزلەپ
كۆرۈشتىن ئىبارەت. تەپەككۇر تەجرىبىسى زۆرۈر بولىدۇ،
يەنى بىر چېكىت ئىچىدىكى چەمبىرەك ياكى چەمبەر بىر
چېكىتتەك تەسەۋۋۇر مېتودى زۆرۈر بولىدۇ.
چۈش ۋە كەلگۈسى تۇرمۇش ھازىرقى ئەقلىي ئىرا-
دىدىن تاشقىرى ھەم سۇبيېكتىپ ھەم ئوبيېكتىپ خاراكتېر-
لىك ھادىسە، ئەقلىنىڭ تاللاپ ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس،
بۇنىڭغا توغرا مەۋقە تىكلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم.
بۇنىڭدىن باشقا بېشارەت-پەتۋالاردا ئۆتمۈشنىڭ
سىنىپى، مىللىي كونترول قىلىنىش چۈشەنچىلىرى ئەكس
ئەتكەن. مەسىلەن، ئوڭ قول تەرەپ، سول قول تەرەپ
پاكىز يەر، پاسكىنا يەر، سۇلۇق جاي، سۇسىز جاي،
قويۇق ئورمان، قۇملۇق يەر، دېگەندەك بۇنىڭدىنمۇ
توغرا مەۋجۇتلۇق ئەقىل زۆرۈر. ئىنساننىڭ تەنها جىسمى-
دىكى ھەممە تەرەپتە، پۇت-قولدىكى 20 بارماقچە، ھەم-
مىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىممىتى بار، ھەممىسى باراۋەر.
شۇنى بىلىش كېرەككى، جەننەت ئىنسان سۆڭەكلى-
رى ۋە يىلىكلىرى ئارىسىدىن قۇرۇلىدۇ. كىمكى جەننەتكە
كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ جىسمىدىن بەدەل تۆلىشى
كېرەك. چۈش ئىنسان جىسمىدىكى يىلىك ۋە مېڭىنىڭ
شام چىراغتەك كۆيۈشىدۇر. شۇ يورۇقلۇقى بىلەن بەدەن
يىلىك. مىقدار سۈپەت بىلەن توغرا تاناسىپ. بەدەن تەبى-
ئەت ۋە جەمئىيەت ئىچىدىن يىراق-يېقىندىن نىسپىي زە-
رەتلەنگەن تۈندۈرما بولسا، بۇ پىلىكتىكى ياغنىڭ چىراغتى-
كى يورۇقلۇقى بولۇپ، پاش بولۇشى، دېمەك ئادەم
چۈش كۆرگەنىكەن تەبىر بېرىپ، بىر سىرنىڭ ئېچىلغانلى-
قىنى، بەدەننىڭ يېڭىلانغانلىقىنى، مەلۇم تىندۇرما باسقۇچ-
نىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر چۈش
كۆرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق تەبىر بېرىپ، ئۆزىچە بىر
قېتىم يېنىكلەش ھېس قىلىش ئەڭ ئاقىلانىلىكتۇر ۋە مۇۋا-
پىقتۇر. ماكانىمىزدىكى تۇرمۇش يەنىلا دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىقنى يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان. زامان، ماكان،
مەيلى ئېسىل شەھەرلەردىكى زامانىۋى تۇرمۇشلاردا
ئۆتكەن، ئىلغار قاتلامدىكى زىيالىيلار بولسۇن، ئالىم-مۇ-
تەخەسسىسلەر بولسۇن، مەيلى يىراق سەھرادىكى قۇم بار-
خانلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان دېھقان، چارۋىچىلار
بولسۇن، باي بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن، چوڭ
بولسۇن، كىچىك بولسۇن ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن تەسىر-
گە ئۇچراش بىلەن ئېلېكترونلۇق زەرەتلىنىپ تۇرىدۇ،
بىر-بىرىنى چۈشىدۇ، دېمەك ھەركىم زەرەتلىنىشتىن
ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ زەرەتلىنىش ئادەملا بو-
لىدىكەن مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، كىلاس-
سىكلار تىلى بويىچە ئېيتقاندا ھاياتلىقلار دۇنياسى بۇ

دۇنيا، چۈش دۇنياسى ئۇ دۇنيادۇر. چۈش كۆرۈش
ئالدىدىكى مۇگدىگەك ھالەت «قىيامەت قايىم» ۋە مە-
شەرگاھقا ئوخشايدۇ. مۇگدىگەك ھالەتتە شۇ دەقىقىلەر-
دە دۇنياغا توغرا قاراپ شەيقەتلىنىپ، ئۇلۇك چېغىدا
ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئادەم بەلكىم چۈشىدە يامان
ئىشلارنى ۋە شۇ خىلدىكى چۈشلەرنى كۆرۈشى
مۇمكىن ۋە ياكى ھەر تۈرلۈك ياخشى - يامان چۈش-
لەرنى كۆرۈشى مۇمكىن. ئەمما «مۇگدىگەك» ۋاقىتتى-
كى ياخشىلىقنى تىلەش چۈشتىكى كۈتۈلمىگەن يامانلىق
زەرەتلەردىن ئۆتۈشنىڭ تەمكىنلىك دورىسىدۇر. شۇڭا
تەدبىر - بېشارەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىبرەت ئېلىپ،
ئەسلىدىكى كۈندۈزدىكى ئەمەلىي كۈندىلىك ھاياتتا
مەيلى ئېسىل تۇرمۇش شارائىتى بولسۇن ۋە ياكى ئا-
دەتتىكى تۇرمۇش شارائىتلىرى بولسۇن، بۇ ھەر بىر
كىشى ئۈچۈن توغرا قاراش تىكلەشكە پايدىلىق، دۇنيا-
دا ھېچقانداق بىر خىل ئەقلىي كۈچ، شۇنداقلا
ھېسسىي كۈچ بىر ئىنساننىڭ مۇگدىگەك ۋە چۈش
كۆرگەن پىنھان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى توسالمايدۇ،
شۇ ۋاقىتنى مەڭگۈ چەكلىيەلمەيدۇ. روھىي ھالىتى ۋە
باشقا ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىلاھىي ھوقۇقىدۇر.

ھەرقانداق بىر ئادەم ئالاھىدە خاس ئەقلىگە، تە-
پەككۇرغا ۋە مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە،
ھەتتا باشقىلارغا تەسىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان
بولغاچقا، ئادەم چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىچە شۇ
كۆرگەن چۈشكە ئۆزى تەبىر بېرىپ باقىدۇ، قىياس
قىلىپ باقىدۇ. دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۇنداق چۈش
كۆرۈپتىمەن، مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن دەپ مەسلى-
ھەتلەر سورايدۇ ھەمدە «پالغىمۇ ئىشەنمە، پالسىزمۇ
يۈرمە» دېگەندەك بۇ خەلق ماقالىنى تەنقىدىي كۆز
قاراش بىلەن تەتقىق قىلىپ باققۇسى، كۆرگەن چۈشلە-
رىگە ھۆكۈم چىقىرىپ باققۇسى كېلىپ قالىدۇ. تېخى
شۇ كۆرگەن چۈشى بىلەن بىر قانچە كۈن، خۇشال ۋە
غەمدە يۈرۈيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، چۈنكى قانداق
ھۆكۈم چىقارماق شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىي مۇقەد-
دەس شەخسىي ھوقۇقى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى چۈش كۆرۈش ئۇزاق تارى-
خىي زامانلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىلىم - پەن ساھە-
سى ۋە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ماھىيىتى
ئۈزۈل - كېسىل تولۇق ئېچىلىپ بولالمىغان بىر خىل
سىر، بۇ بىر خىل روھىيەت ھادىسىسى دەپ قارىلىپ
كەلگەچكە، ئادەملەر كۆرگەن چۈشلەرگە بېرىلگەن تە-
بىرلەرگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ ياكى
پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. راستىنىلا
ئادەم چۈش كۆرگەنىكەن ھەم خەلقىمىز ئارىسىدا
كۆرگەن چۈشلەرگە تەبىر ۋە بېشارەتلەر بولغانىكەن،
بۇ مەسىلىنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەم ئا-
نالىز قىلىپ بېقىشىغا، مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىغا، ئوڭچە
ئولتۇرۇپ بىر قېتىم پىكىر قىلىپ، ئەقلىنى يۈرگۈزۈپ
بېقىشىغا، تەھلىل قىلىپ تەتقىق قىلىپ بېقىشىغا ئەرزى-
يدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە
ئىدارىسىدە)

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# خەلقىمىزدە ياغاچ كومزەك (كورا) ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

كومزەك ئەسلىدە ساپالچىلىق دەۋرىدە ساپالدىن چوڭ ـ كىچىك قىلىپ ياسىلىدىغان قاچا بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇنى ياغاچلاردىن ياساپ ئىشلىتىشكىمۇ ماھىر بولغان. كومزەكنىڭ ئوتتۇراھال ۋە كىچىكلىرى كورىغا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ئېغىز ياپقۇچى بولىدۇ. چوڭ كومزەك ـ كورىلارغا سۇ، سۈت، قىمىز ۋە ئاشلىقلار قاچىلىنىپ ساقلاشقا ئىشلىتىلسە، ئوتتۇراھال ۋە كىچىكلىرىگە ئاش ـ تاماق ئۇسسۇش، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى ئېلىپ ساقلاش، ھەر خىل گۆلقەنتلەرنى ساقلاشقا ناھايىتى ئەپلىك. ياغاچتىن ياسالغان كومزەك ـ كورىلار قورساقلىق، بوغۇزى تار، ئاغزى كىچىك يەنى ئاستى ـ ئۈستى تار، قورساق قىسمى كەڭ بولۇپ ئېغىز ياپقۇچنى ياپقاندا يۇملاق شارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**1. ياسىلىش جەريانى**

كومزەك ـ كورىلار ئاساسەن ياڭاق، چىلان، جىگدە، ئۈجمە، قارا سۆگەت، چىلان، شاپتۇل ياغاچلىرىدىن ئويۇش، قىرىش ئۇسۇلىدا ياسىلىدۇ. ياسىلىش ئۇسۇلى ئاياق، تاۋاق، چۆچەكلەرنى ياساش، قىرىش، پارقىرىتىش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدا ئاۋۋال ياڭاقنىڭ پورلاشمىغان ياغىچىنى ئۆلچەملىك قىلىپ توغراپ، توغرالغان ياغاچ ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يېرىلغان يۈزى تەكشىلىنىپ ئاۋۋال قىيدام كەكە ئارقىلىق ئىچى ئويۇلىدۇ. تاشقى قىسمى يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاياغ قىرىدىغان ئەسۋابقا مىخلىنىپ قىرغۇ بىلەن ئىچى ـ تېشى سىلىقلىنىدۇ، ئاغزى سەل كىچىك، تار، قورساق قىسمى كەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ. گىرۋىكى تۈز بولىدۇ. كومزەك ـ كورىنىڭ ئىچى ئويۇلۇپ تېشى سىلىقلىنىپ، ئاستى تەرىپىدىن ئويۇقچە ئارقىلىق تاپانلىق چىقىرىلىدۇ. كومزەك ـ كورىنىڭ ياپقۇچى ئايرىم ياسىلىدۇ. ياپقۇچنىڭ ئۈستىگە يۇملاق، كىچىك قىلىپ تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. ياپقۇچنى ياپقاندا ئاساسەن پۈتۈن شار شەكلىدە بولىدۇ.

ياپقۇچلۇق كورا ئىشلىتىش ئوبيېكتلىرى، خام ماتېرىيال ۋە ھەجىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ھەر خىل شەكىلدە، يەنى تۈز تاپانلىق ياپقۇچلۇق كومزەك ـ كورا، كەڭ تاپانلىق ياپقۇچلۇق كومزەك ـ كورا، تاق قۇلاقلىق ياپقۇچلۇق كومزەك ـ كورا، قوش قۇلاقلىق ياپقۇچلۇق كومزەك ـ كورا، چوڭ ياپقۇچلۇق كومزەك ـ كورا، ئارا

ياپقۇچلۇق كومزەك-كورا، كىچىك ياپقۇچلۇق كومزەك-كورا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

كومزەكلەر (كورىلار) ساپ، تەبىئىي ياغاچتىن ياسىلىدىغان بولغاچقا مۇھىت ئاسرايدۇ، ئىچىگە سېلىنغان ئاش-تاماق، سۈت، قىمىز، سۇ ۋە باشقا يېمەك-ئىچمەكلەر ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. يەنە ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تاماق قاچىسى ئورنىدا ئىشلەتكەندە ياكى باشقا يېمەك-ئىچمەكلەرنى سېلىپ ساقلىغاندىمۇ يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغا، خىمىيەلىك تەركىبلەر بىلەن بۇلغانماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. چىرايلىق، كۆركەم، نەپىس، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، چىدامچانلىقى يۇقىرى، ئۇنى نەچچە ئون يىل بىمالال ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان كومزەك-كورىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللاردىكى بىرونزا قوراللىرى دەۋرىدىن تاكى ھازىرغىچە ئىزچىل ياساپ ۋە ئىشلىتىپ كەلدى ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تۇرمۇش قاتلاملىرىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

**2. دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى ياغاچ كومزەك-كورىلار**

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار ياغاچتىن ھەر خىل كورا-كومزەكلەرنى ياساپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان. تۆۋەندە ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن مىسال كۆرسىتىمىز.

1996-يىلى، چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-، 5-ئەسىرلەرگە تەۋە ياغاچ كومزەكتىن ئۈچ دانە تېپىلدى. كومزەكلەر شەكلىگە ئاساسەن A، B دىن ئىبارەت ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ. A تىپتىكىسى: ئىككى دانە، بىر تۇتقۇچلۇق، ئاغزى سەل قورۇلغان. 96QZ Ⅱ M2:107 نومۇرلۇقى قورساقلىق بولۇپ، تېگى دۈگىلەك كەلگەن، تۇتقۇچى ئۈستىدە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بىر تۆشۈك بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىيامېتىرى 14 سانتىمېتىر؛ 96QZ Ⅱ M2:8 نومۇرلۇقى قورساقلىق، تۈز تەگلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 10.5 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىيامېتىرى 12.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. B تىپتىكىسى بىر دانە بولۇپ، ئاغزى سەل قورۇلغان، قورساقلىق، ھالقىسىمان بىر قۇلاقلىق، تېگى تۈز كەلگەن، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 10.4 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 11 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىيامېتىرى 14 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1984-يىلى لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە ياغاچ كومزەك تېپىلدى. ئۇ پىرقىرىتىپ قىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئاغزى ياپىلاق، بوغۇزى تار، قورساقلىق، تېگى تۈز، قۇلىقى ھالقىسىمان كەلگەن. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 12.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 12.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1979-، 1980-يىللىرى يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن بىر دانە ياغاچ كومزەك تېپىلدى. 2: A، F دەپ نومۇر بېرىلگەن بۇ كومزەك تۈز ئېغىزلىق، يۇملاق گىرۋەكلىك، قورساقلىق، تۇتقۇچلۇق بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 92-، 95، 103-، 111-ۋە 230-نومۇرلۇق قەبرىلەردىنمۇ ياغاچ كومزەك-كورىلار تېپىلدى.

ھازىرغا قەدەر يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا تېپىلغان بۇيۇملاردىن قارىغاندا، ياغاچتىن ياسالغان يېمەك-ئىچمەك جابدۇقلىرى ئاساسەن قومۇل بوستانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى، لوپنۇر رايونى، تارىم ۋادىسى، قەشقەر ۋە خوتەن بوستانلىقىدىن ئىبارەت ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق جايلاردىن تېپىلدى. دەۋرى بىر قەدەر بالدۇر بولغانلىرى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى گۈمۈگۈ قەدىمكى قەبرىستانلىقى (بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇن)، قومۇل قارادۆڭ قەدىمكى قەبرىستانلىرى، يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، پىچان سۇبېشى قەبرىستانلىقلىرى ۋە چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقلىرى، خېجىڭدىكى چابچا قەبرىستانلىقلىرىدىن تېپىلغانلىرىدۇر. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۆز زامانىسىدا ياغاچتىن ياسالغان كومزەك-كورىلار دىيارىمىزنىڭ بەزى رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ياغاچتىن ياسالغان جابدۇقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، تارقىلىش دائىرىسى خېلى كېڭەيگەن ۋە ياغاچچىلىق تېخنىكىسى مۇئەييەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە پىرقىرىتىپ قىرىش ئۇسۇلى بارلىققا كېلىپ، ياغاچ قاچىلار ئىلگىرىكىدىن سۈپەتلىك ياسالغان ۋە تۈرىمۇ كۆپەيگەن. ياغاچتىن ياسالغان كومزەك-كورا قاتارلىق يېمەك-ئىچمەك جابدۇقلىرى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ياغاچتىن ياسالغان يېمەك-

ئىچمەك جابدۇقلىرىنى يەنىلا ياقتۇرۇپ ئىشلەتمەكتە.

**3. ياغاچ كومزەك (كورا)لارنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى**

مەلۇمكى، كومزەك-كورىلارغا ئوخشاش ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش ھۈنەر-سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ماھارەت ۋە كامالەت تەلەپ قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەر بىر تۈرى ئىنچىكە تېخنىكىلىق، مۇرەككەپ ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن كۆركەم، نازۇك سەنئەتلىك شەكىلگە كىرىدىغان بەدىئىي سەنئەت بۇيۇمى.

ئەڭ قەدىمكى ھۈنەر-سەنئەت ھېسابلانغان ياغاچ قاچا-قۇچا ھۈنەر-سەنئىتى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا پايدىلىنىشنىڭ پۈتكۈل ئىستېمال گۈزەللىكىنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلىدۇ، ياغاچ قاچا-قۇچا بۇيۇملىرى ئۇيغۇر خەلقىگە خاس گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك غايىسى، ئېستېتىك ھېس-تۇيغۇ كەيپىياتى، ئېستېتىك خاھىشى ۋە زوقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇڭلاشقا ياغاچ قاچا-قۇچا مەھسۇلاتلىرى بىر تەرەپتىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا لازىملىق ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە تاۋار بۇيۇم ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە كۆركەم، نازۇك گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، كومزەك-كورا قاتارلىق ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش سەنئىتى خاس تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قىرىشنى ئاساس قىلغان، ئاددىي ھالدىكى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن سەنئەت شەكلى بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت، خىلمۇخىل گۈزەللىك ئېڭى مۇجەسسەملەشكەن ئالاھىدە سەنئەت شەكلىدۇر.

ھازىر بۇ خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك، بولۇپمۇ ئىچكىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال بازارنى خېلىلا جانلاندۇرۇۋەتتى. خوتەننىڭ مەلۇم بىر يېزا بازىرىدىكى بىر قىرمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، ئۆزىنىڭ دۇكىنىدىن ئاياق، قوشۇق تۈرىدىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىر ھەپتە ئىچىدە تەخمىنەن 300 دانە ئاياق، كاسا قاتارلىقلار چوڭ شەھەرلەرگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلىدىكەن، بازار ئېھتىياجىنىمۇ تەستە قامدايدىكەن. قىرىپ ئۈلگۈرتەلىسىلا خېرىدارلار كۈندە كېلىپ تۇرىدىكەن.

ھازىر كىشىلەر تەبىئىي، زىيانسىز مەھسۇلاتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش سەنئىتى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تېپىۋاتىدۇ. ياغاچ قاچا-قۇچا بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى شۇ تۈردىكى ئادەتتىكى فارفور بۇيۇملارنىڭ باھاسىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

ئاخىرىدا شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، كومزەك-كورا قاتارلىق ياغاچ قاچا-قۇچىلار تەبىئىي، ساپ، زىيانسىز، مۇھىت ئاسرايدىغان، ھەتتا ساقلىقنى ساقلاپ بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. روھىيىتىگە، قان-قېنىغا سىڭىپ ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكى بىر ھەقىقەت.

مەسىلەن، كومزەك-كورا قاتارلىق ئەنئەنىۋى ياغاچ قاچا-قۇچىلار، ھاڭگا تېرەك، ياڭاق، قارا سۆگەت ۋە باشقا چىدامىلىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ياغاچ تېرىكى تەركىبلىرىنىڭ قەۋزىيەتنى بوشىتىش، ئۈچەي توسالغۇسىنى ئېچىش، يەل تارقىتىش رولى بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئاياقتا تاماق ئىستېمال قىلغاندا، تاماقنى ئاسان سوۋۇتقىلى بولۇپلا قالماي، يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سۆگەت تەركىبلىرىنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش تەسىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئاياغتا تاماق ئىستېمال قىلغاندا، يۇقىرى قىزىتما، ئاشقازان ياللۇغى، باش ئاغرىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۇقىرى قان بېسىم، كۆپ ئۇسساش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن.

ئاخىرىدا شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كۈندىن-كۈنگە دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان بۇ گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئاسىيا-ياۋروپا كۆۋرۈكىنىڭ تۇتىشىشى، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، خەلقئارا مەدەنىيەت-سەنئەت، سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشى، نەچچە مىليونلاپ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ يۇرتىمىزدا سەيلە-ساياھەتتە بولۇشى، بولۇپمۇ يەرلىك، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگىچە كېڭىيىشى — ئۇيغۇر ياغاچ قاچا-قۇچا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشىگە غايەت زور پۇرسەت ۋە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغۇچى؛ نەپىس، كۆركەم، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان ئۇيغۇر قاچا-قۇچا مەھسۇلاتلىرى دۇنيا بازارلىرىنى قاپلىغۇسى، تارىخىي مىراس بۇيۇملىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولغۇسى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)









# كۇچا مەشرەپلىرىدىكى ئېتنوگرافىيىلىك ئادەتلەر

نەسردىن ھاپىز

مەشرەپ ئەدەبىيات- سەنئەت فولكلورىغا تەۋە ئالاھىدە بىر سەنئەت بولۇپ، مۇشۇ تۈرنىڭ ئۆزىگىلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن مەلۇم مەنىدىن مەشرەپلەرنى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىنىڭ مۇزېيى دەپ قاردساق، قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ بىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدىن ئۆرپ- ئادەت ۋە قائىدە- يوسۇنلارغا چېتىلىدىغان ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەرگە خەلقىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، يىغىم- تېرىم ئادەتلىرى، باغۋەنچىلىك، ئولتۇراق ئۆي ۋە ھويلا- ئاران مەدەنىيىتى، كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمەك، توي- تۆكۈن ئادەتلىرى، جامائەتچىلىك، قوشنىدارچىلىق ئادەتلىرى، مېھمان كۈتۈش، يۈرۈش- تۇرۇش ۋە ئەدەپ- ئەخلاق قاراشلىرى، تەبىئەت ۋە تۇرلۇك ئەقىدە- ئېتىقاد قاراشلىرى قاتارلىق فولكلور مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆپ قاتلام ئامىللىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئادەتتە بىر مەشرەپ سورۇنى ئۈچۈن بەلگىلىك كۆلەم ۋە شارائىتقا ئىگە مەيدان، ئۆي ئىچى ياكى باغ- ھويلىلارغا يېتەرلىك گىلەم- كۆرپىلەر سېلىنىپ سورۇن راسلىنىدۇ، يېمەك- ئىچمەك تەييارلىنىدۇ. جامائەت ياش قۇرامى، ئابرۇي- ئىناۋىتى بويىچە تەبىئىي يوسۇندا ئورۇن ئېلىشىدۇ. مەشرەپ ئەھلى شارائىتقا يارىشا كىيىنىپ- تارىنىپ سورۇنغا يىغىلىدۇ. مۇشۇ ھالەت- كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆزىدىنلا خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ- ئەخلاق يوسۇنلىرى، ئولتۇراق ئۆي، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «دولان مەشرىپى»، «نورۇز مەشرىپى»، «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى»، «توي مەشرىپى»... قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق، يىغىم- تېرىم ئادەتلىرى ۋە توي- تۆكۈن ئادەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ قاتاردا كۇچا خەلق

مەشرەپلىرىدىمۇ بىر مۇنچە قىممەتلىك ئېتنوگرافىك خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان.

كۇچا خەلق مەشرەپلىرىدە كۇچا خەلقىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئەڭ تويۇنغان، بۇ خىل مەدەنىيەتنى ساقلايدىغان، تارقىتىدىغان ھەم بۇ جەھەتتە خەلقنى تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپ دېيىشكە بولىدۇ. كۇچادا بىر قەدەر ئومۇملاشقان قارلىق ۋە توي مەشرەپلىرىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈشتىكى بەزى قەدىمىي ئادەتلەر ساقلانغان، مەسىلەن، «قارلىق مەشرىپى» مۇنداق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىشتا قار ياغقان مەزگىللەردە ياش ئوغۇل-قىزلار بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قارلىق تاشلىشىدۇ. قارلىق تاشلانغان ئۆينىڭ ئادەملىرى قارلىق تاشلىغان ئادەمنى قوغلاپ، تۇتۇپ، ئالالمىسا شۇ كۈنى ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر قارلىق تاشلىغان ئادەمنى تۇتۇۋالسا ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، مەھەللە ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلىنىدۇ. ۋە شۇ كىشىنى شۇ كۈنى كەچتە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ.

توي-تۆكۈن مەشرەپلىرىدە ئادەتتە كۈندۈزى توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەچكى مەشرەپتە پۈتۈن بىر كەنت بويىچە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. مەشرەپنى ئاڭلىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ قاتنىشىدۇ. ھەتتا قوشنا كەنت مەھەللىرىدىنمۇ يىگىت-قىزلار خۇسۇسەن ياشلارمۇ كېلىپ توي-مەشرەپلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ. توي بولغان ئۆيدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئاساسەن قائىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىش بولۇپ، ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈلمىسە شۇ مەھەللىدىكى ياشلار توي بولغان ئۆيدىن نارازى بولۇپ، توي بولغان ئۆيدىكىلەرنى (خۇسۇسەن يىگىتنىڭ ئۆيدىكىلەرنى) تەنە قىلىپ، مەسخىرە قىلىشىدۇ، ھەتتا مەشرەپ ئۆتكۈزمىگەن ئۆينىڭ ئالدىغا ئۆلۈك مۈشۈك، ئۆلۈك ئىتنى ئېسىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۇچا خەلق مەشرەپلىرىدىكى «ئۆرۈمە قىلىش» ئادىتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. «ئۆرۈمە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۆرۈمە قىلىنغان پۇل ياكى رەختنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈلۈپ نەغمىكەشنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدىغانلىقى ئۇچۇن



شۇنداق ئېيتىلغان. ئۆرۈمە قىلىش- سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ماھارەتلىرى ئەۋجىگە چىققاندا ياكى تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ ماھارەتلىرىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلغاندا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان سەنئەتكارلارغا پۇل ياكى رەخت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش، ئىلھام-مەدەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ بۇ خىل ئادەت كۇچا خەلق مەشرەپلىرىدە بەلگىلىك خاسلىقنى ساقلاپ كەلگەن.

مەشرەپ داۋامىدا يىگىتبېشى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن «ئۆرۈمە» قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن سەنئەتكارلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئەھلىگە شادلىق بېغىشلايدۇ. مەشرەپ ئەھلى سازەندە ياكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ماھارىتىدىن ھاياجانلانغان پەيتلەردە گۈللۈك پەتنۇسلارغا پۇل ياكى رەخت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى قويۇپ، يىگىتبېشىغا سۇنىدۇ. يىگىتبېشى قولىغا بىر پەتنۇسنى ئېلىپ، ئۆرۈمە قىلغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ قوشاق قېتىپ، مەشرەپ ئەھلىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، سەنئەتكارلارنىڭ ئالدىغا ئىززەت- ئىكرام بىلەن قويىدۇ. ئادەتتە يىگىتبېشى قوشاق ئۆرۈمىنى مۇنداق باشلايدۇ.

شىرىق، شىرىق
ئىككى كام قىرىق
داچىنى داچەنگە ئوخشايدۇ
ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز-يىگىت
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ

دەپ، «پالانى ئاخۇننىڭ ئوغلى پالانى ئاخۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان پالانى ئاخۇن ياكى پالانى خان سەل بوشاپ قالدى» دەپ 1500 دوللار جۇۋاپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارغا، ساز چېلىۋاتقانلارغا ئىلھام بېرىدۇ. ئۆرۈمە پەتنۇس بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، مەشرەپ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، تىز، قول ۋە باشقا جايلىرىنى يەرگە يەتكۈزمەي، ئېگىشىپ تۇرۇپ، نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىگەچ ئاغزى بىلەن پۇلنى ئالىدۇ. كىم ئالدى بىلەن ئالالىسا، ئۆرۈمە شۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. بەزىدە پۇل ئورنىغا گۈل قويىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بۇ چاغدا سازەندىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش ھالدا «ئالالمىدى ھە، ھە ھېلى ئالىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ناخشا ئارىسىغا قىستۇرۇپ، ئۇسسۇلچىلارنى ئۆرۈمىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ، مەشرەپ ئەھلى بولسا، «ھۇ بەللى... ھۇ...» دەپ بارىكاللا ئېيتىپ، قىزغىنلىقنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. ئۆرۈمە قىلىشنىڭ مەشرەپنى قىزىتىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۆرۈمە قىلىنغان پۇل سازەندىلەرنىڭ، نەغمىكەشلەرنىڭ ئالدىغا تاشلانغاندىن كېيىن نەغمىكەشلەر تېخىمۇ روھلىنىپ، نەغمە ناۋانى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. مەشرەپ ئۆرۈمىلىرىدە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك يىگىتبېشى قەستەن ئىككى-ئۈچ ئادەمنى قىزىتمىغا سېلىپ، ئۆرۈمە قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەشرەپنى قىزىتىپ، مەشرەپ ئەھلىنى زوقلاندۇرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئومۇمەن مەشرەپ ئەخلاقى، قائىدە-يوسۇنلىرى شۇنىڭدەك يەرلىك خاسلىققا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئامىللارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كۇچا مەشرەپلىرىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ناخشىلارغا كۇچا خەلقىنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتىمىز.

سۆسەر تۇماق كىيگەنلەر
لېۋەننى تاللاپ سۆيگەنلەر
...
شاھىدا شاپاق دوپپام،
شاپتۇل شاخىدا قاپتۇ.
...
قىپقىزىل ئايدەك يۈزۈڭگە
ئەۋرىشىمدەك بەللىرىڭگە
قاپقارا خاللىق بولاي
شاھى رومالىڭ بولاي
...
بادام دوپپام بەش تالا
سۆيگەن يارىم ياش بالا
شەرەت قىلسام بىلمەيدۇ
قىچقىرايمۇ ئاشكارا

يۇقىرىقى مەشرەپ ناخشىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى كۇچا مەشرەپلىرىدە كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىپ كەلگەن.



كۇچا مەشرەپلىرى ئىچىدىكى «جۇۋان مەشرىپى»دە جۇۋاننىڭ ئاتا-ئانىسى چاشۋاق توي (مەشرەپ) ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قىزى ئۈچۈن بىر يۇرۇش ئالتۇن-جابدۇق، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كىيىم-كېچەك تەييارلايدۇ. سورۇن ئەھلى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز مەخسۇس تەييارلانغان زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقاپ، كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاندىن قىز شەرىپىگە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «توي مەشرىپى»دىمۇ قىز-يىگىت، ساھىبخانا ۋە مېھمانلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

كۇچا ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بويىچە مەشرەپلەردىكى يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۆي بويلاپ بولۇپ تۇرىدىغان قاتار مەشرەپلەردە، توي، مەشرىپى، باراۋەت مەشرىپى، نورۇز مەشرىپى قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى نامايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قاتار مەشرىپىدە ئادەتتە ساھىبخانا داستىخان سېلىپ تاماق تەييارلايدۇ، ھاللىقراق ئائىلىلەردە بىرەر قوي سويۇلىدۇ. ھال-كۈنى ئانچە ياخشى بولمىغان ئۆيلەردە ھېچبولمىغاندا بىرەر خورازنى بولسىمۇ قان قىلىپ مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە داستىخان تەييارلايدۇ. كۇچا مەشرەپلىرىدىكى مەشرەپ شەكىللىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن مەشرەپلەردىكى يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «ئوغلاق تارتىشىش» مەشرەپلىرىدە ئوغلاقنى تارتتۇرۇپ قويغۇچى تەرەپ ئەمەس بەلكى ئوغلاقنى تارتىۋالغۇچى تەرەپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئوغلاق تارتىشىش»تىكى «ئوغلاق»نى تارتىپ ئالغۇچى تەرەپ ئاشۇ ئوغلاققا قوشۇلۇپ، بىر قانچە مالنى سويۇپ، بىر مەھەللىگە مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ. بەزى مەشرەپلەردە مەشرەپ يېرىملىشىپ، مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى ئارام ئېلىشقا ئولتۇرغان چاغدا تاماق تارتىلىدۇ. كۇچا مەشرەپلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇ، قورداق، شورپا قاتارلىق ئەنئەنىۋى تائاملىرىدىن باشقا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كۇچا چوڭ نېنى، ئۇزۇن زىخلىق كاۋاپ، كۇچا سۇيۇقئېشى، قېتىق-قايماق، زىبىب، شەربەت قاتارلىق تائاملار تارتىلىپ، كۇچانىڭ يەرلىك يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى نامايان قىلىنىدۇ.

كۇچا مەشرەپلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە مەشرەپ ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت-مۇددىئا ۋە مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «چىللاق مەشرىپى»، «سەيلە مەشرىپى»، «ئوغلاق مەشرىپى»، «قارلىق مەشرىپى»، «بەزمە مەشرىپى»، «قاتار مەشرەپ»، «سوقا مەشرەپ»، «نورۇز مەشرىپى»، «توي مەشرىپى»، «يۈز ئاچقۇ مەشرىپى»، «قوغۇن مەشرىپى»، «ھېيت مەشرىپى»، «جۇۋان مەشرىپى»، «ناماقۇللۇق مەشرىپى» قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بەلگىلىك ئويۇن تۈسىنىڭ بولۇشى ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چىلىم ئويۇنى، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، قارلىق تاشلاش ئويۇنى، غاز ئويۇنى، جەرەن ئويۇنى، تۆكە ئويۇنى، نورۇز مەشرىپىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە باشقا ئويۇنلار كۇچا مەشرەپلىرىدىكى مۇھىم ئېتنوگرافىيەلىك ئادەتلەرنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر.

كۇچا مەشرەپلىرىدە يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولۇشتىن سىرت قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھويلا-ئاران مەدەنىيىتى، قاتناش-تىراسپورت ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)



# شىر توتېم مەدەنىيىتىنىڭ

# لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىزناسى

ئېلشات ئەيسا

لوپنۇر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى — قاراسۇق مەدەنىيىتى، تاكار مەدەنىيىتى، ئاناۋ مەدەنىيىتى قاتارلىق دۇنيا مەدەنىيەتلىرى قاتارىدا كۆپ خىللىقى، رەڭدارلىقى، ئۆزگىچىلىككە ئىگە. لوپنۇر دىيالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ چوڭ دىيالېكتنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رايونچانلىقى، مەھەللىۋىلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

جاڭ خۇانىڭ «ئەشيالار تەزكىرىسى»دە ساۋ ساۋنىڭ سىيانپىلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا ئاق بۆرە تېغىدا شىرنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. پارس ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر شىر توتېم مەدەنىيىتىدە، شىرنى بويسۇندۇرۇش ئىمپېرىيەنىڭ شۆھرىتى، ھوقۇقىنىڭ ۋەكىلىدۇر دەپ قارايدۇ. ساۋ ساۋنىڭ ئاق بۆرە تېغىدا شىرغا يولۇقۇش ھېكايىسى پارس ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىكى شىر ئەپسانىلىرىنىڭ جاڭ خۇا تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

چىن تارىخىي مەنبەلىرىدە، شىر شەرقتە سۇلې (قەشقەر)، غەربتە ئىككى دەريا ۋادىسى، شىمالدا جۇرجانلار، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا تارقالغان. سەمەرقەنت شەھىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان شىر كۆپ بولۇپ، «ئاسلان شەھىرى»

دەپ تەرىپلىنەتتى①.
چىننىڭ «تاغ- دەريالار قامۇسى»دا نۇرغۇن ھايۋانلار
تەسۋىرى بولسىمۇ، شىر تەسۋىرى پۈتۈلمىگەن. خەن سۇ-
لالىسىنىڭ ئالدىدىكى بېزەك بۇيۇملىرى ئىچىدە، شىر
نۇسخىسى يوق بولۇپ، چىندا شىرنىڭ تاش قاتلىمىسىمۇ
بايقالمىغان، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى شىر تېپىك
ھالدا سىرتتىن كىرگەن مەخلۇقتۇر②. چىن سۇلالىسىدىكى
گوپونىڭ «مۇتىيەنجى تەزكىرسى»دە ««سوننى» شىر،
غەربىي يۇرتتا ياشايدۇ»③ دەپ يېزىلغان. مىڭ سۇلالە-
سىدىكى لى شىجىننىڭ «دورا- ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»دا
«شىر غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردە ياشايدۇ»④. دەپ
يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئالىم ۋېن
يەنشىنىڭ دەلىلى تېخىمۇ تولۇق ۋە تەپسىلىي بولۇپ،
«شىر، چىندە ياشايدىغان مەخلۇق ئەمەس»⑤. دەپ
يازغان. «پاراسەتلىك سۆزلەر قۇش- قۇزغۇنلار بابى»دا
«شىر بولسا مۈشۈك ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، يولۋاس،
قاپلاننى يەيدۇ» دەپ يېزىلغان⑥. ئامېرىكىلىق خەنزۇ-
شۇناس ئالىم شى فېينىڭ كۆرسىتىشىچە «سوننى»
سانسكرىت تىلى بولۇپ، «سىمغا» سۆزىگە ئۆزگۈرىشى-
دۇر، مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا چىنغا كىرگەن. «شىر» قەدى-
مىي پارس تىلىنىڭ «شىر» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
بولۇپ، ئەسىرلەر داۋامىدا شەرققە تارقىلىپ، چىنغا
كىرگەن⑦. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك» ئەسىرىدە تۈركىيچە «ئارسلان» ئاتالغۇسىنى
ئۇچرىتىمىز. چىن دۆلىتىدە شىر يوق. چىننىڭ جۇغراپىيە-
لىك مۇھىتى شىرنىڭ ياشىشىغا ماس كەلمەيدۇ.

شىر تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يول ئارقىلىق چىنغا تار-
قالغان. بىرىنچى يول، شىر ئىلاھلاشتۇرۇلغان مەخلۇق
بولۇپ، چىن خەلقى ۋە غەربىي يۇرت خەلقلىرىنىڭ مەدە-
نىيەت ئالاقىسى جەريانىدا ئېغىز ئارقىلىق چىنغا تارقالغان⑧.
ئىككىنچى يول، چىن تارىخىي ئەسىرىدە شىر سوۋغاتلىق
بۇيۇمى سۈپىتىدە چىنغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى يازما
«كېيىنكى خەننامە» پۈتۈلگەن، تۇنجى سوۋغاتلىق شىر
مىلادى 87- يىلى ئارساك دۆلىتىدىن، 2- قېتىملىق سوۋ-
غاتلىق شىر مىلادى 88- يىلى ئاشكان دۆلىتىدىن، 3- قې-
تىملىق سوۋغاتلىق شىر مىلادىي 133- يىلى سۇلى (قەشقەر)
دۆلىتىدىن كەلتۈرۈلگەن دەپ بايان قىلىنغان⑨. ئۈچىنچى
يول، شىر بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق چىنغا
كىرگەن بولۇپ، چىن بۇددا دىنىدىكى تۆت بۇدساتۋاسى-
نىڭ بىرى ۋېن جۇنىڭ كۇرسى، شىر، چىن خەلقلىرى ئارد-
ىدا جىن- شەيتانلارنى بويسۇندۇرىدىغان خاسىيەتلىك
قۇد مەخلۇقى دەپ قارىلىپ ئەزىزلەندى.

شىر ئۇسسۇلىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا،
«يېڭى تاڭنامە ئۇيغۇر تەزكىرسى»دە ئۇيغۇرلاردا تۆگە ئو-
يۇنى، شىر ئويۇنى، ئات ماھارىتى، ئارغامچا تارتىشىش ئو-
يۇنلىرى بار. ئۇيغۇر شىر ئۇسسۇلى، چىن شىر ئۇسسۇلى
بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە» دەپ
خاتىرلەنگەن⑩. «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرسى»دە
«خان، ۋۇيى شەھىرىدىن شىر، كەركىدانلارنى تاللاپ كې-
لەتتى، ئاۋام شۇ مەخلۇقلارنى تەقلىد قىلىپ ئۇسسۇل
ئويناپ، ئويۇن كۆرسىتەتتى» دەپ پۈتۈلگەن. ۋۇيى شە-
ھىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىنى كۆزدە
تۇتىدۇ⑪. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بۇ رايون شىرنىڭ ياشايدى-
غان، قوغدىلىدىغان رايوندۇر. ھىرات شەھىرى ئوتتۇرا ئە-
سىردە، تۈركىي تىللىق مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات ۋە
سەنئەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ
نامايەندىسى نەۋايى ھىراتتا تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان. نە-
ۋايى بىر تەرەپتىن سەنئەت ئىشلىرىغا ھامىي چىقسا، يەنى
بىر تەرەپتىن تۈركىي ئەدەبىياتىغا ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن
بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشتى. ئەلشىر نەۋايىگە ئاتىلىپ
ئۈستىگە «ئەمەلىي ئەمىر ئەلشىر» ئىمزاسى قويۇلغان ئە-
سەردىن «گۈلۈبەۋ ھەل- نەقش توپلىمى»دىكى ئارسلان
نەقشىنىڭ مۇھەممەدى بەگ تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ سىزىلغى-
نى بار بولۇپ، ساكسىيان يۇقىرىدىكى ئەسەرنى ئەلشىر نە-
ۋايىنىڭ ئەسىرى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەلشىر نەۋايىنىڭ نەزە-
رىدە غايىۋى سەنئەت چىن رەسساملىقى ئىدى. سىزغان شىر
رەسىمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن شىر توتېم
مەدەنىيىتىنىڭ نەۋايى دەۋرىدىمۇ ئېتىبارغا، يۈكسەكلىككە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

دىيارىمىزدا، شىر ئۇسسۇلى ئىككى خىل بولۇپ،
بىرى خوتەن، لوپ شىر ئۇسسۇلى، يەنە بىرى، لوپنۇر
شىر ئۇسسۇلىدۇر. خوتەن، لوپ شىر ئۇسسۇلى قوي تې-
رىسىنى تەتۈر كىيىپ، يۈك ۋە رەختلەرنى بوياپ، شىرنىڭ
نىقابىنى ياساپ، ئوينايدىغان قوش كىشىلىك نىقابلىق تەق-
لىدىي ئۇسسۇلدۇر. ئەپسۇسكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئە-
گىشىپ بۈگۈنگە كەلگەندە، خوتەن، لوپ شىر ئۇسسۇلىنى
ئوينايدىغان ئادەم قالمىدى.

لوپنۇر شىر ئۇسسۇلى بولسا، جۇڭگونىڭ غەربىي
رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھايۋانلارنى تەقلىد
قىلىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇللارنىڭ ئىچىدە دۆلەت

گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ دەۋرىدە ياشىغان بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» ناملىق شېئىرىدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئوينايدۇ يالغان شىرنى، ئۇيغۇرلار تارتىپ نىقاب،
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش يالاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ-يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
چۈلغىتىپ تۈكلۈك كىيىم، ئەگىسە بىر جۈپ بەللىرىنى،
تۈكۈلگەندە تاغىل قۇم خۇددى ئۇن مىڭ يول قاسساپ.
مەللە ساقال، چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە،
سەكرەپ كېلىپ سۆلىدى، تۇتۇپ قوللىرىدا «داپ»⑫.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بۇيۇملاردىن شىر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان بىر جۈپ رەڭلىك لاي قونچاق تۇرپان ئاستانە قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى، بۇ رەڭلىك لاي قونچاقنىڭ ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر بولۇپ، چىندىن تېپىلغان شىر ئۇسسۇللىق لاي قونچاققا ئوپمۇئوخشاش ئىدى. 1997-يىلى لوپنۇر نىڭ تۈمەنپۇر قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن 15-نومۇرلۇق قەبرىدىن، 1600 يىل ئىلگىرىكى شىر نۇسخىلىق گىلەم تېپىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالايمىزكى، شىر قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن توتېم ئوبرازىدۇر. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسسۇللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۈرتكىلىك رول ئوينىغان «شىر ئۇسسۇلى» تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن بارا-بارا ئاجىزلىششقا باشلىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىگە يات مەدەنىيەتلەر قاتارىدا «شىر ئۇسسۇلى»مۇ چەتكە قېقىلدى، چۈنكى ئىسلام دىنىدا جانلىقلارنىڭ ھالىتىنى تەقلىد قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۇسسۇلنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، كېيىنكى دەۋرلەرگىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلەلىدى.

«ئۇيغۇر شىر توتېم مەدەنىيىتى» تەتقىقاتىغا دائىر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى «لوپنۇرشۇناسلىق»قا دائىر تەتقىقاتلاردۇر. بۇلار«لوپنۇرشۇناسلىق» تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتىكى «لوپنۇرشۇناسلىق» تەتقىقاتىدا لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئاساسىي گەۋدە بولۇپ قالدى، مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر شىر توتېم مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ماقالە بولۇپ، ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ لوپنۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«لوپنۇرشۇناسلىق» تەتقىقاتى ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز «لوپنۇرشۇناسلىق»تىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، دىيالېكتىكىدىن باشقا ساھەلەرگە ئائىت مەزمۇنلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارالىمىدۇق. جۇڭگو مىللەتلەر مەدەنىيىتى گۈلزارلىقىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ روناق تېپىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن. تەكلىماكان بۈيۈك سەنئەتلەرنىڭ مەركىزى. قىممەتلىك ئارخېئولوگىيە مەنبەسى بولغان بۇ زېمىن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خاتىرە ئابىدىسى. بۇ مەدەنىيەتنى قېزىپ، رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرۇپ، خەلقىمىزگە مۇكەممەل بولغان مەدەنىيەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىش زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ئىزاھاتلار:

①، ② ياڭ يۈرۈڭ. شىر مەدەنىيىتى قىسقىچە مۇلاھىزە [J] خۇبېي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى، 2008 . 3

③ گوپو. مۇتىيەنجى تەزكىرىسى [M] شاڭخەي قەدىمي ئەسەرلەر نەشرىياتى، (فاكسىمال نۇسخىسى)، 1987.

④ لى شىجېن. دورا-ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى [M] بېيجىڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 51-قۇر، 1982.

⑤ ۋىن يەنشى 23-تۇم. [M] جاڭسۇ گۇاڭلىن قەدىمي ئەسەرلەر نەشرىياتى، (فاكسىمال نۇسخىسى)، 1990.

⑥ گوپو. پاراسەتلىك سۆزلەر. قۇش-قۇزغۇنلار بابى [M] شاڭخەي قەدىمي ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1990.

⑦ شى فېي. تاڭ دەۋرىدىكى سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت [M] جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1982. 191.

⑧ جاڭ جىجيې. شىرنىڭ شەرققە تارقىلىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش، [J] جۇڭگو پەن-تېخنىكا تارىخى، 2001. 4.

⑨ فەن خۇا. كېيىنكى خاننامە، [M] جۇڭگۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرىياتى، 1965.

⑩ خۇ باۋخۇا. جۇڭگونىڭ شىر مەدەنىيەت [J] گۇڭشى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2014. 6.

⑪ جۇن چاڭزى. جۇن چاڭزى سۆزلەر ئۈزۈندىلىرى، [M] جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرىياتى، 1985.

⑫ ئىلتەرىش. قەدىمقى «شىرئۇسسۇلى» [J] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 1999. 37.3.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى پوستدوكتورانتى)

# 11. ئەسىردىكى قاتناش ۋە پوچتا



### مامۇت قۇربان

سودىنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە
ئەجدادلىرىمىز كارۋان يوللىرىغا نىسبەتەن
باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن. مېڭىش ئەپسىز
بولغان يوللارنى تاشلاپ، يېڭى يوللارنى،
قىسقا مۇساپىلىك يوللارنى بەرپا قىلغاندى.
مەسىلەن، كەلپىندىن ئاتۇشقا بارىدىغان
ئىككى يول بار ئىدى. «يايدى تىم» يول-
نى بويلاپ ماڭسا 450 چاقىرىم يول بېسىپ
(يەتتە كۈنلۈك يول) ئاندىن ئاستۈن ئا-
تۇشقا يېتىپ باراتتى يوللار چۆل، تىېتىرلىق
بولۇپ، سۇ قىس ئىدى. ئەگەر بۇ يولنى
كەلپىن باغلىق كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىنى
بويلاپ 100 چاقىرىم ماڭسىلا ئۈستۈن ئا-
تۇشقا يېتىپ باراتتى. كەلپىنلىكلەر ئۇچتۇر-
پان، ئاسۇ، مارالبېشىغا كۆپ بارغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ يوللار راۋان بولۇشى كېرەك
ئىدى. ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يول تاغلىق
يول بولغاچقا هارۋا ماڭالمايتتى. ئاقسۇدىن،
مارالبېشى يەكەن، خوتەنلەرگە، هەتتا تۇر-
پانغا بارىدىغان تارىم يولىدا يارىيار
هارۋىلار ماڭالايتتى. ئاساسىي قاتناش قورا-
لى يەنىلا ئېشەك، تۆگە، ئات ئىدى.

### 1. قاتناش

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قاتناش ۋە
سودا ئىشلىرىدا ئاساسەن يول يۈرۈشكە بىر
قەدەر چىداملىق بولغان ئات، قېچىر،
ئېشەك، تۆگىلەرگە تايىناتتى. يول-يوللاردا
«چۇشكۇن» (1-توم، 622-بەت) قىلىپ،
قونۇپ مەنزىلگە يېتىپ كېلەتتى. 11-ئە-
سىردىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ «ئات» 1-
توم، 48-بەت). ئاساسلىق قاتناش قورالى
ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا كىشلەر كۆپ ماڭىدى-
غان ئاۋات يوللارنى «ئەرتىك» (1-توم،
140-بەت) دەيدىغانلىقى مەلۇم، شۇ زاماند-
لاردا زادىلا يۆنىلىشى ئۆزگەرمىگەن يول-
لارمۇ بولغان ئىدى. مەسىلەن، ئاقسۇدىن يەكەنگە بارىدى-
غان قۇم-دوۋىلىق يول ئۇزۇن مۇساپىلىك يول ئىدى.
بەزى يوللارنىڭ ئۈستىگە ماڭىدىغان تەرەپنى كۆرسىتىش
ئۈچۈن «ئۇلا» (1-توم، 123-بەت) دېيىلىدىغان بەلگۈ
تاشلىرىنى قويۇپ قوياتتى. مەسىلەن، ئالايلۇق، مارالبېشى
تۇمشۇق تاغىنىڭ شىمالىدىكى كەلپىن تاغلىرىنىڭ ئۇچىغا
«چىم-چىم موللام» دەپ ئاتىلىدىغان، كەلپىننىڭ پەيدا
بولۇش تارىخىنى رىۋايەت قىلىدىغان بىر تاشنى قويۇپ

قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۇمشۇققا بارىدىغان بىر يول بەلگىسى ئىدى. بۇ بەلگىلەر ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يولغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇلار كېرەك بولغان يەرلەر ۋە ئېرىق ئېشىك ئالدىغا «كۆۋرۈك» (1 ـ توم، 624 ـ بەت) سالاتتى. لېكىن بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ شەكلى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە بەزىلىرىدە سۆكچەك ـ ياغاچ ئورۇندۇقلار بولسىمۇ، بەزىلىرىدە بولمايتتى. سۆكچەكلەردە كىشىلەر ياز كۈنلىرى سەگدەپ ئولتۇرۇشاتتى.

مۇشۇ دىيارىمىزدا 11 ـ ئەسىردە بىرەر دەرياغا ياكى كىچىككە چوڭراق بىرەر كۆۋرۈك سېلىنغان يەرنىڭ خارابىسىنى ئۇچراتمىدۇق. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قايىنام دەريا كېچىكسىز بولماس» (1 ـ توم، 507 ـ بەت) دېگىنىدىن قارىغاندا ھەرقانداق دەريانىڭ تېيىز يېرىدىن ئۆتكىلى بولاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «بويلىدى» (3 ـ توم، 467 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئۇ سۇنى بويلىدى، يەنى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بويى بىلەن ئۆلچىدى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كارۋانلار كېچىكتىن ئۆتۈش توغرى كەلسە،



1 ـ رەسىم ئاقسۇ دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈش (1906 ـ يىلى تارتىلغان)

پاتقاقلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆتكىلى بولىدىغان يەردىن ئۆتەتتى. 11 ـ ئەسىردە ئاقسۇ، ئىلى دەريالىرىدىن چوڭ دەريالاردا كۆۋرۈك بولمىغىنى بىلەن سال ياكى كېمە بار ئىدى.

كىشىلەر دەريادىن ئۆتىدىغان ۋاقىتتا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن مۆلچەرلەپ ئاندىن كېچىپ ئۆتۈشكە بولسا كېچىپ ئۆتەتتى ياكى قېيىق ۋە سالغا ئوخشاش نەرسىلەردىن پايدىلىناتتى. كەلپىن قارا كۆتلۈك نوخان تايىر (1917 ـ يىلى تۇغۇلغان)نىڭ 2015 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ماڭا دەپ بېرىشىچە: ئاتىسى تايىر ھاجى (1947 ـ يىلى 110 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن) 1880 ـ يىللاردا كەلپىندىن ئاقسۇغا يۈك تارتىپ بېرىپ، ئاقسۇ دەرياسىدىن تۆگىلەرنى كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا بىر تۆگىنىڭ ئۈركۈپ كېتىپ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، يۈكى بىلەن دەريادىن ئۈزۈپ چىقىپ كەتكەن، فىنلاندىيەلىك كارل، گۇستاپ، مانىېر ھېيىم «غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا بۇنىڭدىن 100 يىل (1906 ـ، 1908 ـ يىللىرى) ئىلگىرىكى ئاقسۇ دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈۋاتقان، ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتىكى تارتىلغان رەسىمنى تېكەس دەرياسىنىڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان



3 ـ رەسىم ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈش (1906 ـ يىلى تارتىلغان)

يېرىدىن ئات بىلەن كېچىپ ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتىكى رەسىمنى، ئىلى «جىرغىلاڭ»دىكى ياغاچ كۆۋرۈك ۋە يېڭىسار كېچىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنىمۇ بەرگەن.



4 ـ رەسىم ئىلى دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈش (1906 ـ يىلى تارتىلغان)



5 ـ رەسىم تېكەس دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈش (1906 ـ يىلى تارتىلغان)



2 ـ رەسىم يېڭىسارغا كىرىش يولىدىكى بىر ياغاچ كۆۋرۈك (1906 ـ يىلى تارتىلغان)

بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى ئاقسۇ، ئىلى دەريالىرىدا كېمە قاتنايدىغانلىقنى، كۆۋرۈك سېلىش ئىمكانىيىتى بار يەرلەردە كۆۋرۈك سالىدىغانلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان»دا «ئۇ دەريانىڭ بۆلۈنۈپ ئاققان يېرىدىن ئۆتتى» (3-توم، 467-بەت) دەپ يازغىنىدىن



6-رەسىم ئىلى جىرغىلاڭدىكى ياغاچ كۆۋرۈك (1906-يىلى تارتىلغان)

قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر دەريا ياكى كېچىكلەرنىڭ تېيىز يېرىدىن ئۆتەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە مەن 1960-يىلى 6-ئايلادا ئاقسۇ ئارالدىن ئاۋاتلىق مەستۇرەم ھەدە (ئوقۇتقۇچى، شۇ ۋاقىتدا 21-، 22 ياشلاردا ئىدى) مىنى ئات (ئارالدىن ئاقيارغا ئات بىلەن ئۆتەتتى)قا مىنگەشتۈرۈپ كەڭ كەتكەن ئارال كېچىكىدىن ئاقيارغا ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ ۋاقىتدا مەن ئەمدىلا باشلانغۇچنىڭ 3-يىللىقنى تاماملاش ئالدىدا بولۇپ، ناھايىتى قورققانىدىم. ئۇ ۋاقىتتا ئاقيار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭمۇ ئېتى بولۇپ، ئۇچتۇرپاننىڭ باشقا يېزىلىرىغىمۇ ئات قاتنايتتى.

مەكتەپ، ھۆكۈمەتلەردىمۇ ئات ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىدى. 1956-يىللىرىدىن تاكى 1963-يىللىرىغىچە كەلپىن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭمۇ ئېتى بار بولۇپ، بىزنىڭ قوتاندا تۇراتتى. ئەگەر كۇچا، شايا، باي، توقسۇ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئۇچتۇرپانغا كەلمەكچى بولسا ئالدى بىلەن ئونسۇغا كىرىپ، ئاندىن ئارالدىكى توشقان دەرياسىنىڭ يېيىلىپ ئاققان يېرىدىن ئاقيارغا ئۆتۈپ، ئاقياردىن ئۇچتۇرپانغا، ئاندىن «بەدەلئارت»قا باراتتى. قەشقەردىكى «تۇرغات»، «ئەركەشتام»، قورغاس، چۆچەكلەردىكى ئېغىزلار ئارقىلىق قىرغىزىستان، قازاقىستانلارغا چىقىشاتتى. ئەگەر قەشقەر ياكى مارالبېشىدىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغانلار بولسا، ئىنگەن تاغلىرى ۋە قۇرۇق ئۇزۇن تاغلىرىنى بويلاپ مېڭىپ ئاقياردىن ئۇچتۇرپانغا باراتتى.

ئاۋات يوللاردا كارۋانلار قونۇپ ماڭىدىغان قونالغۇلارمۇ بولۇپ، ئۇ يەر «چۆشتۈم» (1 - توم، 480 - بەت) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەرلەردە ئادەم قونۇپ ئۆتىدىغان سارايلار قونالغۇلار بار ئىدى. مەسىلەن، ئاقسۇ، ئونسۇ، ئۇچتۇرپان «شوليا قۇدۇق» (ساجىڭزى)، كەلپىن «چىلان قەدىمي شەھىرى»، مارالبېشى «تۇمشۇق شەھىرى» مارالبېشى «توقۇز ساراي»، «ياتقۇدۇق» قاتارلىق جايلار ئاقسۇدىن مارالبېشىغا بارىدىغان بىر قەدەر چوڭ ئۆتەڭلەر ئىدى. «ئىلى يولى يامان يول، چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق» دېگەن قوشاقمۇ كەلپىن چىلان بىلەن تۇمشۇق ئارىلىقىدا ئۇزۇن مۇساپىلىك، جاپالىق، مۇشكۈل بۇ يولنىڭ مۇزئارت داۋىنىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئۆتەڭلەردە كارۋانلار قونماي ئۆتمەيتتى. كەلپىن «چىلان قەدىمي شەھىرى» ئاقسۇ بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئۇزۇن كوچىسى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 ـ 400 مېتىر كېلەتتى. بۇ يەر قەدىمدە كۈنىگە 90 ـ 100 نەپەر كارۋاننى قوبۇل قىلالايتتى. بۇ يەردىكى ئۆيلەردە تۆر ئوچاق ئىزنالىرى، سېلىق سۇۋاپ، ھاكلاپ قويغان تاملار ھازىرمۇ تۇرۇپتۇ. ئويۇلۇپ كەتكەن بۇ يولدىن ئۇزاق يىللىق قاتناش تۈگۈنى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىمارەتلەر خېلىلا مۇنتىزىم ئىدى. بۇ يەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تاشلىنىپ قېلىشقا باشلىغان. مەن 1964 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرى قاراكۇتلۇك مەخسۇت ئاكا (مەخسۇت توپ بېشى دەپمۇ ئاتىلاتتى) نىڭ ياردىمىدە، «كونا ئۆتەڭ» (جىيەكلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن يەرگە ئۈچ ئېشەك بىلەن ئوتۇنغا بارغانىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە دەل ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول بېسىپ، ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. شۇ ۋاقىتتا «جىيەكلىك» نىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان

بىر يول بولۇپ، يولنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە، ئۇستى ئېچىلىپ كېتىلگەن ئۆيلەر ۋە كۆپۈرۈلۈپ چۈشكەن بىر قۇدۇقنى كۆرگەنىدىم. ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىچە بۇ يول بىلەن ئاقسۇغا بارغىلى بولىدىكەن. قۇرۇقلۇقتىكى يوللاردا تۆگە، ئۆگۈز ياكى ئات، «قاڭلى» (3-توم، 517-بەت) هارۋىلاردا ئېغىرراق يۈكلەرنى سۆرەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا تارىم بويلىرىدا هارۋا، تۆگە، ئات، ئېشەك ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىدى. كەلپىن بىلەن ئاقسۇ، ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدا ھەتتا خوتەندىن ئاقسۇ، كۇچالارغىچە بولغان ئۇزۇن ئارىلىقتىمۇ هارۋىلار قاتنايتتى. بۇ هال تاكى 1970-يىللارنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشقان ئىدى. 1968-يىلى ۋە 1969-يىلى ئاقسۇ كەلپىنگە بارىدىغان قاتناش توختاپ كېتىپ، ئۇدا ئىككى قېتىم ئاقسۇدىن كەلپىنگە پىيادە يۈرگەنىدىم. قەدىمكى يولدا ئاقسۇدىن-ئايكۆل، ئايكۆلدىن-كونا چىلان، كونا چىلاندىن كەلپىن ئاچا، كەلپىن ئاچالدىن كەلپىن بازىرىغا تۆت كۈندە كەلگەنىدىم. مەن 1969-يىلى 4-ئايدا قاراكۆل قىزىل تامغا ئوتۇنغا كىرگەن ۋاقتىمدا ئۆتەڭ يولىدا، يەكەندىن چىققان مەپىلىك هارۋىلارنى كۆرگەن ئىدىم. 1945-يىلى كەلپىن قاراكۇتلۇك ئابدۇراخمان قايقان 50 تۆگە بىلەن 40 كۈندە ئۈرۈمچىگە يۈك تارتىپ كېلىپ، تۆگىلىرى يوقاپ ھەم كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاتام قۇربان ئەھمەد 1940-يىللاردا 15 تۆگە بىلەن قاراشەھەرگە هۆكۈمەت يۈكىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككى تۆگىسى ئۆلۈپ قايتىدۇ. بارماق كەلمىكى ئۈچۈن 80 كۈن كەتكەن.

1995-يىلى 115 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن كەلپىن قارا كۇتلۇك مۇھەممەد خۇكى (جۇغى كىچىك ئادەم دېگەن مەنىدە)نىڭ دەپ بېرىشىچە، تۇرپان كۇچا، تەرەپلەردىن ھەرەمگە بارىدىغانلار كەلپىن چىلان، تۇمشۇق، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق قەشقەرگە يەتتە كۈندە بارىدىغان چۆل ئارقىلىق ماڭماستىن، بەلكى كەلپىن چىلاندىن كەلپىنگە كىرىپ، كەلپىننىڭ باغلىق كەنتىنىڭ ئايىغى ئارقىلىق ئىككى كۈندىلا ئۇستۇن ئاتۇشقا بارىدىغان يول بىلەن ماڭاتتى. بۇ يول 200 يىلدەك داۋاملاشقان ۋە بىخەتەر ئىدى.

ئۇيغۇرلار بەزى دەريا كۆللەردە «كېمە» (3-توم، 324-بەت) ئارقىلىق ئۆتىدىغانلىقى مەلۇم، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار كېمىنى «كېمە»، باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر «كېمە» (3-توم، 324-بەت) دېيىشەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي قىپچاقلارنىڭ «ئۇچان» (1-توم، 166-بەت) دېيىلىدىغان ئىككى يەلكەنلىك كېمىسىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما «دىۋان»دا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. لېكىن بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان قىپچاقلار شۇ دەۋرلەردە شامالدىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىت. تۈركىي تىللىق خەلقلەر دېڭىز قاتناش ۋاستىچىلىرى توختايدىغان يەرنى «تامغا» (1-توم، 553-بەت) دېيىشەتتى. «دىۋان»دىكى «تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەككىلى بولماس، دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس» (1-توم، 136-بەت) دېگەن سۆزلەردىن، ئەينى ۋاقىتتىكى كېمىلەر زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا ياسالغان بولغىيتتى. بىز بۇنى بىلمەيمىز. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا كېمە ھەققىدە توختىلىپ: «كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىلى سۇيىدىن ئۆتتۇق، ئۇيغۇرلار تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئالدۇق» (3-توم، 324-بەت) دېگەن قوشاقنى يېزىپ قالدۇرغىنىدىن قارىغاندا ئىلى دەرياسىدا 15 ـ 20 ئادەم سىغقىدەك كېمە بار ئىدى.

كۆل، دەريا بويلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ۋاستىسى «قېيىق» (1-توم، 251-بەت)، يوغانراق تەڭلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىكرەك قېيىق «ئۇلاق» (1-توم، 92-بەت)لارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا توغراق، تېرەكلەرنىڭ كۆتەكلىرىدىن ئويۇپ ياسىلاتتى. سىغىمى كىچىك بولۇپ، ئات-ئۇلاق سۇغۇرۇش ۋە ئۈزۈم شىرنىسى سوۋۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان «ئۇلاق» دەپ چۈشەندۇرۇلگەن ئۇلاق تاكى هازىرغىچە ئۆز نامىنى ساقلاپ كەلمەكتە. كەلڭ سەھرالىرىمىزدا ئۇلاق يەنىلا تېرە ئاشلاش، سۇ ساقلاش، هايۋانلارنىڭ يەم-خەشىكىنى تۆكۈپ بېرىدىغان نەرسە سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە.

ياڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاتناش ئىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قاتناش قورالى تۆگە، ئات،

كالا هارۋىسى (يارىيار هايۋا) ئىدى. ئادەملەر ئولتۇرىدىغان كالا هارۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە كىگىز بىلەن ئۆي ياسالغان بولۇپ، بۇنداق هارۋا «چېدىر هارۋا» (مەپە) دەپ ئاتىلاتتى. مىلادىيە 843 ـ يىلى ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن تاڭ زېمىنىغا قايتقان تەيخې مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نەچچە ئونلىغان چېدىر هارۋىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكى، بۇ يوللاردا كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرىدىغانلىقى، مىلادىيە 780 ـ يىلى تاڭ زېمىنىدىن شىمالغا قايتقان 900 نەپەر ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز مىڭ تەپەك تاۋار ـ دۇردۇن، نەچچە ئون مىڭ تۇياق ئات تۆگىنى، بىرلىكتە ئېلىپ ماڭغانلىقى دالىنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 773 ـ يىلى) ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، ئىنئام قىلىنغان ۋە ئاتنىڭ باهاسىغا سۇندۇرۇپ ئالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى 1000 دىن ئارتۇق هارۋىغا بېسىپ ماڭغان»① لىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن، ئۇ كىتابىدا يەنە «ئۇيغۇرلاردا دەريادىن ئۆتكەندە ئىشلىتىدىغان تۇلۇممۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى چارۋىچىلارنىڭ قولىدا تۇلۇمنى كۆرگەندى. ئۇلار قوي تېرىسىنى تۇلۇم قىلىپ، ئىچىگە هاۋا توشقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ سۇ ئۈستىدە لەيلەيتتى ياكى ئۇلار ياغاچ سالنى تۆگىگە سۆرىتىپ دەريادىن ئۆتەتتى» ② دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار قوي، ئۆچكىلەرنىڭ تېرىسىنى «تۇلۇم»چە سويۇپ قۇيقاسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن ئاشلاپ تۇلۇملارنى ياسايتتى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا هاۋا تولدۇرۇلغان تۇلۇمنىڭ سۇدا لەيلەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تولۇملارغا يەلنى تۆمۈرچىلەرنىڭ «كۆيەك»كى بىلەن بېرەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ياباقۇلار بىلەن تاتارلار «كەلەك» دېگەن سۆزنى «تار» (3 ـ توم، 202 ـ بەت) دەپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر «سال» (3 ـ توم، 214 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى» دەپ يازىدۇ. ئۇ «سال» ھەققىدە توختىلىپ: «سال بىر نەچچە تۇلۇمغا يەل بېرىلىپ ئاغزى باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە سۇپىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىلىدۇ. كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سۇدىن ئۆتىدۇ. بۇ قومۇشلاردىنمۇ ياسىلىدۇ. ياباقۇ، تاتار تىللىرىدا تار دېيىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. «سال» دېگەن سۆز بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز مەنىسىنى يوقاتقىنى يوق. «سال» ئەينى ۋاقىتتا بەدرا ياغاچلارنى سۆگەت تېلىنى ئوتتا پۇچىلاپ ياكى ئارقان (چىغ ئارقان) بىلەن بىر ـ بىرىگە چاپراس قىلىپ چېتىپ ياسىلاتتى.

## 2. پوچتا

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئۇلاغ» (1 ـ توم، 165 ـ بەت)، دېگەن سۆزنى ««بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تېز يۈرىدىغان پوچتىخانىنىڭ يوللاردا يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى»، دەپ ئىزاهلىغان بولسا، «چۇفغا» (1 ـ توم، 553 ـ بەت) دېگەن سۆزنىمۇ بۇنىڭغا يېقىن بىر مەنىدە «تېز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يوللاردا يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى، مەلۇم مەنزىلگە بارغاندا ئورنىغا باشقىسىنى مىنىپ كېتىدۇ» دەپ ئىزاهلايدۇ. تېز يۈرەر پوچتىچى پەقەت بەلگىلەنگەن ئاتنىلا مىنىپ كېتەتتى. ھەر بەش تىم (تەخمىنەن 25 ـ 30 كىلومېتىر) ئارىلىقتا ئات ساقلايدىغان ئورۇنلار بار ئىدى. كەلپىن «يايدى تىم»، «كونا چىلان»، «چۆل قۇدۇق» قاتارلىق يەرلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئاتلار بولاتتى. 11 ـ ئەسىردە بەزى يوللار ياخشى ئەمەس ئىدى، ھەتتا بەزى ئۆتكەللەردە بۇلاڭچىلارمۇ بار ئىدى، بەزى يەرلەردە كەلكۈن تۈپەيلىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە يولدىن ئۆتكىلى بولمايتتى. بەزى يەرلەردە بولسا ئادەم ئاسانلا ئادىشىپ قالاتتى. بەزى يەرلەردە هارۋا مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان ئۈچ يول بولۇپ، پەقەت بىرلا يولدا تۆگە بىلەن ماڭغىلى بولاتتى. قالغان ئىككى يولدا ئات ياكى ئېشەك بىلەن ماڭغاندىلا ئوڭۇشلۇق ماڭغىلى بولاتتى.

«دىۋان»دا يېزىلغانلاردىن قارىغاندا، خەۋەرلەشىش جەھەتتە پوچتىچىلارنىڭ تېز مېڭىپ خەۋەر يەتكۈزۈشى بىر مەجبۇرىيەت ئىدى. ئۇيغۇرلار يىراق سەپەرنى «ئەشكىن» دېگەنگە ئوخشاش، تېز يۈرىدىغان ئاتلىق پوچتىچىنى «ئەشكىنچى» (1 ـ توم، 147 ـ

بەت) دېيىشەتتى. ئەينى زاماندا خەۋەرلىشىش، خەت ئەۋەتىش ياكى گەپ ئېيتىپ بېرىش شەكلى بويىچە بولاتتى. ئۇلار خەت - چەكنى «بىتىك» (1 - توم، 302 - بەت) دېيىشەتتى. ئۇلار مۇشۇ سۆز ئاساسىدا، بىرىنىڭ ئۆيىگە ياكى باشقا بىرىگە خەت ئەۋەرتىشنى «بىتىك ئۆتكۈزمەك» (1 - توم، 302 - بەت)، ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە خەت ئەۋەتىشكەنلىكىنى بولسا «يىتۈك ئۆتكۈزمەك» (1 - توم، 3091 - بەت) دېيىشەتتى. پوچتىچىنى ئۇيغۇرلار «پالانى پوچتا» دەپ ئىسمى بىلەن چاقىراتتى. كەلپىندە 45 يىل پوچتىچىلىق قىلغان مەمەت ئىسىملىك بىر پوچتىچىمۇ ئۆتكەن.

خەۋەرلىشىش ئىشىنى كۆپىنچە كارۋانلار بىلەن خەۋەرچىلەر قىلاتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر كارۋاننى «ئارقىش» (1 - توم، 131 - بەت) دېيىشەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆز ئاساسىدا «يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرۈر» دېگەن تەمسىلنى يېزىش ئارقىلىق كارۋاننىڭ خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. «دىۋان»دا «ئۇنىڭ ئارقىشى كەلدى» (1 - توم، 131 - بەت) دېگەن سۆز «ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چوڭ يول ئۈستىدە كارۋانلار كېلىۋاتقان بولسا ئۇلارنىڭ خەت - خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئالدىن خەۋەرچى ئەۋەتىلەتتى. بۇ خىلدىكى خەۋەرچىلەرنى بولسا «يۈگۈرگەن» (3 - توم، 73 - بەت) يەنى «تېز يۈرەر» (3 - توم، 48 - بەت) دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىرەر مېھماننىڭ كېلىۋاتقانلىقى خەۋىرى بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن كېلەتتى. خەت - چەكلەر چوڭ يول بىلەن توشۇلاتتى. ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاقچى، باي، شايار قاتارلىق چوڭ قاتناش تۈگۈنىدىن يىراق يەرلەرگە خەت - ئالاقە چوڭ يولدىن ئايرىپ ئېلىنغاچقا كىشىلەرنىڭ قولىغا بىر - ئىككى كۈن ھەتتا بىر ئىككى ئاي كېچىكىپ تەگكۈزۈلەتتى. ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىدىن قارىغاندا كونا تۇرپاندىن خەت - ئالاقە كەلپىنگە ئۈچ ئايدا كېلىدىكەن.

1965 - يىللارغىچە پوچتىچىلار بۇ يوللارنى ئات بىلەن ماڭاتتى. ئات تېز يۈرۈش جەريانىدا تەرلەپ، قىزىپ كەتكەنلىكىنى «دىۋان»دا «ئات مېڭىپ قىزىپ كەتتى» (1 - توم، 391 - بەت) دەپ بىلىپ، ئات ئالماشتۇراتتى. ئاتنى يېتىلەپ سوۋۇتاتتى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا كەلپىن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچىسى ھېزىبەك (1904 - يىلى كەلپىن شۆتاڭدا ئوقۇغان)نىڭ ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا، تەرلەپ كەتكەن ئىككى - ئۈچ ئاتنى داۋاملىق يېتىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئۇ ماڭا ئات ئىبەرتتى» (3 - توم، 596 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇزۇن يول يۈرگەندە بىر - بىرىگە ئات ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر دۈشمەننىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ ۋە خەلقنىڭ جەڭگە تەييارلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ئۈچۈن، ئېگىزلىكلەرگە «قارغۇ» (1 - توم، 555 - بەت)، قارغۇي دېيىلىدىغان مۇنار شەكلىدىكى تۇرالارنى ياساشاتتى ۋە ئۇ يەردە ئوت يېقىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىشەتتى. بۇنداق جايلاردىن كەلپىننىڭ قاراكۆت كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان «قارغۇي جىلغىسى»دىكى «قارغۇي» دەپ «ئەسكەنت قەدىمىي شەھىرى»گە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن «ياسالغان (مىلادىيە 9 - ئەسىرلەردە تاشلىۋېتىلگەن) تۇردىن ئىبارەت.



**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


① ياڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 242 - بەت .

② يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

③ كارىل. گۇستاب. ماننىر ھېيىم «غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 - يىلى.

④ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 1981 - يىلى 2 - توم، 1984 - يىلى.

⑤ دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2 - توم، 1984 - يىلى.

⑥ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3 - توم، 1984 - يىلى.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسيونېرى)



# «قۇتادغۇبىلىگ»تىكى لائىكلىق چۈشەنچىسى

يۇسۇپجان ياسىن

قاراخانىلار دەۋرىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپى-
دىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى دۆلەت ئىدارە
قىلىش ئۇسۇلى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ شەرتلىرى ۋە
ھۆكۈمدار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق -
مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغان، بولۇپمۇ
جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ۋىجدانىغا ۋە ئېتىقادىغا ھۆرمەت
كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان بىر سىياسەت - قانۇن
كىتابىدۇر. بۇ كىتاب يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى-
دىلا ئەمەس، بەلكى ئىلىمزنىڭ شۇنداقلا دۇنيانىڭ
سىياسىي، قانۇنچىلىق تارىخىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم
ئورۇن تۇتىدىغان بىر ئەسەر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ تە-
ۋەللۇتىغا مىڭ يىل بولۇپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە،
كىلاسسىكلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھمى-
يىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق دۆلەتنى قانۇن
بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئاقىلانە تاللاش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ
روشەنلەشتۈرەلەيمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»دە ھۆكۈمدان
كۈنتۇغدىنى ئادىل قانۇنغا، ۋەزىر ئاي تولدىنى بەخت-

سائادەتكە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ئەقىل- پارا-
سەتكە، ئودغۇرمىشنى ئاقىۋەتكە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق
دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ قانداق
بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، قارا خانىلارنىڭ
ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىدېئال دۆلىتى بولۇشىنى ئارزۇ
قىلغان، بولۇپمۇ دۆلەتنى شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىرادى-
سى ياكى دىنىي يول (شەرىئەت) بىلەن ئەمەس، ئەقىلگە
تايانغان ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتەك ئىلغار ھاك-
مىيەت چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى ئۇقۇم
بويىچە ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ سوتسىيال، دېموك-
راتىك ۋە لائىك بىر ھاكىمىيەت شەكلىنى تەشەببۇس
قىلغان. ئەلۋەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان
دۆلەت شەكلى «قانۇن دۆلىتى»دۇر.

«لائىك» دېگەن نام ئەسلىي لاتىنچە سۆز بولۇپ،
مەنىسى «دىندارلار سىنىپىغا ئائىت بولمىغان» دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرەتتى، كېيىن بۇ سۆز فرانسۇزچىغا قوبۇل قە-
لىنىپ، «دۆلەت ئىدارە قىلىشتا دىن بىلەن سىياسەتنى بىر-
بىرىدىن ئايرىۋېتىش»، «كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەت
ئەركىنلىكىنى قوغداش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، تې-
خىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، لائىكلىق دۆلەتنى دىنىي پ-
رىنسىپلارغا ياكى شەرىئەتكە ئاساسەن ئەمەس، ئەقىلگە
تايانغان قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كېرەك دېگەننى
تەشەببۇس قىلىدىغان بىر ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدۇر. بۇ
چۈشەنچە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل، بىلىم ۋە سىياسىي ئىقتىدا-
رىنىڭ يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە تېئوكراتىك ھاكىمىيەت
(دىنىي دۆلەت)تىن دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە قاراپ يۈزلە-
نىشنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىن بىلەن سىياسەتنىڭ
بىر-بىرىنى كونترول قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىن-
سانلارنىڭ ۋىجدان ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، جەمئى-
يەت ئەزالىرىنىڭ ۋەتەنداشلىق سالاھىيىتىنى قوغداش ۋە
قانۇنچىلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە ئوتتۇ-
رىغا چىققان بىر ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى. شۇڭا بۇ چۈ-
شەنچە دىنىي جەھەتتە دۆلەتنىڭ ۋەتەنداشلار بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇلارنى ئېتىقادىغا قاراپ پەرقلەندۈر-
مەسلىكنى، ھەرقانداق بىر ئېتىقادنىڭ، بولۇپمۇ بىر جەمئى-
يەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئېتىقادنىڭ ئاشۇ جەمئى-
يەتتىكى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئېتىقا-
دىغا بېسىم قىلىشىغا يول قويماسلىقنى، دۆلەتنىڭ دىنغا ئې-
تىقاد قىلىدىغان ۋەتەنداشلار بىلەن ھېچقانداق بىر دىنغا
ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋەتەنداشلارغا باراۋەر ۋە تەرەپسىز
مۇئامىلە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قىسقىسى، لائىكلىق
دېگەندە دىن بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرى-
ۋېتىش، ۋەتەنداشلارنىڭ ۋىجدان، ئېتىقاد ۋە ئىبادەت
ئەركىنلىكىنى قوغداش دېگەن مەنە نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
ئەلۋەتتە بىر دۆلەت ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويماي
تۇرۇپ، شۇ دۆلەتتە باراۋەرلىكنى ۋە دېموكراتىيەنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشى قىيىن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، لائىكلىقتىن «دىنسىز-
لىق» ياكى «دىنغا قارشى تۇرۇش» دېگەن مەنە چىقمايـ-
دۇ. لائىكلىق دىننى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئايرىش ئار-
قىلىق، ئۇنى سىياسەتنىڭ، مەنپەئەتنىڭ، زوراۋانلىقنىڭ ۋا-
ستىسىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن خالىي قىلىپ، جەمئىيەتتە ھە-
قىقىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش، ۋەتەنداشلار ئوتتۇرىسىدا
دىنىي زىددىيەت چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىلمىي چۈ-
شەنچىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن
ياشاش، قۇرۇق ئەقىدىلەردىن يىراق تۇرۇشتەك ساغلام
ۋە زامانىۋى روھىي ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدا
دېيىلگىنىدەك، بىر لائىك دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدى-
لىكى دۆلەتنى ئېتىقاد سىستېمىسى بويىچە ئەمەس، دىندىن
خالىي قانۇن (مەدەنىي قانۇن) بىلەن ئىدارە قىلىش، ھەر-
كىمگە دىننى ئەركىن ھالدا تاللاش پۇرسىتى بېرىش،
ھېچكىمنى ۋىجدانىنىڭ ئىلھامى بىلەن قوبۇل قىلغان دىنى-
دىن توسماسلىق، ھېچكىمنى ھېچقانداق بىر دىنغا زورلى-
ماسلىقتۇر.

لائىكلىقنى ھەرگىزمۇ ئىسلامىيەتكە ياكى باشقا ھەر
قانداق بىر دىنغا خىلاپ بىر تۈزۈم دەپ قاراشقا بولماي-
دۇ. لائىكلىق ئىسلامىيەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان بىر
ھاكىمىيەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلامىيەت
مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس بىر ھاكىمىيەت شەكلىنى بېكىتىپ
بەرگەن ئەمەس. ئىسلامىيەتتە نەزەرىيە سۈپىتىدە ئىج-
تىمائىي تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ۋە ئېھتىياجغا ئۇيغۇن
بىر سىياسىي تەشكىلاتنى بەرپا قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىل-
گەن. ئىسلامىيەت ۋەھىي، تۇيغۇ ۋە ئەقىلگە تايانغان بىر
دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى، ھاياتـ-
لىقنىڭ ۋە ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشتە، دۇنياۋى ھا-
ياتقا ئائىت ئىشلارنى رەتكە سېلىشتا، ئىجتىمائىي بەخت-

سائادەت يارىتىشتا، دۆلەت باشقۇرۇشتا ۋە ئېھتىياجنى قامداشتا، ئەقىلگە، تەپەككۇرغا، بىلىمگە، ئىزدىنىشكە، ئىجتىھاتقا، ئىسلاھاتقا ۋە ھەمكارلىققا مۇراجىئەت قىلىشنى تەرغىب قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئەقىلنىڭ خاسىيىتىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. «ئىنساننىڭ دىنى ئەقلىدۇر، ئەقلى يوقنىڭ دىنىمۇ يوق»، «ھەرنەرسىنىڭ بىر ئاساسى بار، مۆئمىننىڭ ئاساسى — ئەقلىدۇر»، «بىر سائەتلىك تەپەككۇر بىر كېچىلىك ئىبادەتتىنمۇ خەيرلىكتۇر»، «ئىنسان ئاخىرەتتە ئەقلىگە لايىق ئورۇنغا ئېرىشىدۇ» دېگەن ھەدىستىمۇ ئەقىل، تەپەككۇرنىڭ ئىسلامىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەھمىيىتى، يېتەكچىلىك ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن①. شۇڭا ئىسلامىيەتتە زامان، ماكان ۋە شارائىتنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، دۆلەت ئىدارە قىلىشتا مەشرۇتىيەن (قانۇنىيلىق)، ئادالەت، سالاھىيەت، كېڭىشىش، ئەخلاق ۋە ئىنسانغا ھۆرمەت كۆرسىتىش مۇھىم پرىنسىپ قىلىنغان②.

ئىسلامىيەت دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا ھۆر ئىرادىنى ۋە ۋىجداننىڭ قوبۇل قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ئىسلامىيەتنى دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى تامامەن شۇ كىشىنىڭ ھۆر ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. گۇناھلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشمۇ يەنە شۇ كىشىنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق بولىدۇ. «قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت» (سۈرە قەلەم 52-ئايەت) بولغاچقا، مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنى «قۇرئان كەرىم»دە سۆزلەنگەن ئەقىدە ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ، ئەمما بۇ مەسىلىدە ھەرگىزمۇ زورلاش ئۇسۇلى قوللىنىلمايدۇ، كىشىنى زورلاش ئارقىلىق دىن يولىغا باشلىغىلى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ «دىندا زورلاش يوقتۇر» (سۈرە بەقەرە، 256-ئايەت)، «سەن پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن» (سۈرە غاشىيە ، 21-، 22-ئايەتلەر)، «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار بىراقلا ئىمان ئېيتقان بولاتتى، شۇنداق ئىكەن سەن ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن» (سۈرە يۇنۇس، 99-ئايەت) دېيىلىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەتتە دىن ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ياكى زورلۇق ئارقىلىق ئىنسانلارغا مەجبۇرىي تېڭىلسا، ئۇ دۆلەتتە تەبىئىي ھالدا ساختا دىندارلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھاكىمىيەت نۇرغۇن ۋەتەنداشلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ، ئىجتىمائىي تەرتىپتە بۇزۇلۇش بولىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئەقىل، تەپەككۇر ۋە بىلىمگە تايانمىغان، «دۇنيالىق» بىلەن «ئاخىرەتلىك»نىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىمىغان، ئۆز جەمئىيىتىدە ئىلمىي مۇھىت ياراتمىغان ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغىمۇ بىمەنە پىكىرلەر، خۇراپىي چۈشەنچىلەر، يات ئامىللار چاپلىشىدۇ. جەمئىيەتتە ساختا پەتىۋالار يامراپ، نادانلىق، جاھالەت ئەۋج ئالىدۇ، پىرقە-مەزھەپلەر پەيدا بولۇپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت، بىر پۈتۈن مىللەت «دىن» نامىدىكى غەيرىي ئەقىدىلەرنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا پارچىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ. دىنىنىڭ ئوبرازىمۇ خۇنۇكلىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، لائىكلىقنى «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئەقىل»، «تەپەككۇر»، «بىلىم»، «ۋىجدان»، «ئېتىقاد ئەركىنلىكى»، «دۇنياۋى ھايات»، «ھاكىمىيەت»، «قانۇن»، «ئادىللىق»، «باراۋەرلىك» ئۇقۇملىرىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ھەقىقىي گەۋدىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

لائىكلىق چۈشەنچىسى غەربنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆپ مۇنازىرە قىلىنغان، 1789-يىلىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غەربلىكلەرنىڭ سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەت پەنلىرىدە مۇھىم بىر ئۇقۇمغا ئايلانغان. شۇنىڭدەك يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغان بىر ھاكىمىيەت شەكلىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىگ» ئادىل قانۇن، بەخت-سائادەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئاقىۋەتتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ تۆت پېرسوناژنىڭ بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي رولى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقىۋەتكە سىمۋول قىلىنغان ئودغۇرمىش دىنغا ۋەكىللىك قىلغان بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىسى بۇددىزم ۋە ئىسلامىيەتكە ئائىت ئەقىدىلەر، ھەتتا تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى بىلەن تولغان. «قۇتادغۇبىلىگ»تىكى ئىدېئال دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى لائىكلىقتۇر. بۇ ئەسەردە نورمال دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا دىن بىلەن سىياسەت بىر-بىرىنى كونترول قىلماسلىقى كېرەك دېگەن چۈشەنچىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى توپ مۇناسىۋەت تەكىتلەنگەن. لېكىن پايدىسىز ئەھۋال كۆرۈلگەندە دۆلەت دىنى مەسىلىلەردە ياردەمگە تەييار بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 6645 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان «قۇتادغۇبىلىگ»دە

ئادىل قانۇن ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇش بىلەن بىرلىكتە، 3232-بېيىتتىن باشلاپ ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېيىتىغىچە ئاساسەن دىن بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى مۇھىم تېما سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ 5311-، 5312-، 5313-بېيىتلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ لائىك دۆلەتنىڭ پرىنسىپىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «دىن دالى بىلەن دۇنيا دالى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشىدۇر، ئىككىسىنىڭ يولى بىر-بىرىگە يېقىنلاشمايدۇ، بۇلارنىڭ يولى بىر-بىرىنى كېسىدۇ. دىنىنىڭ دۇنيا بىلەن بىرىكىشى قىيىن، بۇ ئىككىسى بىر يەرگە كەلمەيدۇ، بۇنى بىلىش يېتەرلىكتۇر. بىرى يېقىنلاشسا يەنە بىرى قاچىدۇ، ئىككىسىنى بىللە تۇتماقچى بولغان كىشى يولدىن ئازىدۇ»③. بۇ بېيىتلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دىن بىلەن سىياسەت بىرلەشكەن تېئوكراتىك دۆلەت قۇرغاندا، ئىنساننىڭ «دۇنيالىق» بىلەن «ئاخىرەتلىك»كە ئائىت ئىشلاردا خاتالىشىدىغانلىقىنى، شۇڭا دىن بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئىككىسىنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى قولدا تۇتقان چاغدا ھەر ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ خالىسا بۇ دۇنيالىقنى، خالىسا ئاخىرەتلىكنى تۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرگەن.

«قۇتادغۇبىلىگ»تە ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى قانۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېئوكراتىك دۆلەتنى ھىمايە قىلغان بولسا ئۇ ھالدا ھۆكۈمدارنى دىنغا سىمۋول قىلىنغان بىر ئوبراز سۈپىتىدە تونۇتقان بولاتتى، لېكىن ئەسەردە دىنغا ۋەكىللىك قىلغان ئودغۇرمىش دۆلەتكە خىزمەت قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ لائىك قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش ئۈچى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى كەلگۈسىنى ئويلاپ ھەر جەھەتتىن ئۆگدۈلمىشكە ئوخشاش ئىشەنچلىك، بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بىر شەخسكە موھتاج بولىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىن، ھاياتنىڭ زوقىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆمرىنى تاغدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئودغۇرمىشنى تونۇشتۇرىدۇ. ھۆكۈمدار ئۆگدۈلمىشتىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئودغۇرمىشنى سارايغا كېلىپ دۆلەت خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، لېكىن ئودغۇرمىش سارايغا كەلمەيدۇ. ھۆكۈمدار 2-قېتىم ئۇنى يەنە سارايغا تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئودغۇرمىش سارايغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. بۇ يەردە دىققەتنى تارتىدىغان نۇقتا شۇكى، دۆلەتنىڭ رەسمىي يازما بۇيرۇق شەكلىدىكى بۇ چاقىرىقىغا دىنغا سىمۋول قىلىنغان ئودغۇرمىش ماقۇل بولمايدۇ، يەنى بۇ يەردە دۆلەتنىڭ دىنىنى زورلاشقا ۋە ئۇنىڭغا بېسىم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى سۆز تېمىسى قىلىنغان. بۇ تېما ئودغۇرمىشنىڭ سۆزلىرىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن. ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى سارايغا ئاپىرىش ئۈچۈن چىڭ تۇرغاندا ئودغۇرمىش ئۇنىڭغا: «سۆزنى كېسىپ ئېيتتىم، ئۇنى ئاڭلىدىڭ، مېنى زورلاپ نېمىشقىمۇ جاپا تارتىدىغانسەن؟» (3961-بېيىت) دەيدۇ. ئۇ ئۆگدۈلمىشتىن ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىغا بىر مەكتۇپ يوللاپ، ھۆكۈمدارغا: «ئەي ئېلىگ، مېنى ئۆز ئەھۋالىمغا قويۇپ بەر، بۇ يەردە تۇرۇپ ساڭا دۇئاگۇي بولاي» (3791-بېيىت) دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆگدۈلمىشكە: «ئۆز تىلىڭ بىلەنمۇ يەتكۈزگىن، ئېلىگ ئاڭلىسۇن، مېنى قويۇۋەتسۇن، مەندىن قولىنى ئۈزسۇن» (3813 - بېيىت) دەيدۇ. بولۇپمۇ ئودغۇرمىش ھەم ھۆكۈمدارنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ «قۇل» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىرسىنىڭ يەنە بىرىدىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا كىرىپ ئۇنىڭغا «قۇللۇق» قىلالمايدىغانلىقىنى، پەقەت تەڭرىگىلا «قۇللۇق» قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە ئودغۇرمىش دىنىنىڭ قانۇندىن ئايرىم يولدا ماڭىدىغانلىقىنى، ھەرىكەتتە ھۆر ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ دىنىنىڭ سىياسەت بىلەن بىرىكىپ دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئودغۇرمىشقا بېسىم قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. كۈن تۇغدى ئۆگدۈلمىشكە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلماقتىمىز، ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم قىلىپ رەنجىتمەكتىمىز» (4904 - بېيىت)، «ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قارىسا، ھەممىسى توغرا، ئەمدى ئۇنى زورلاشقىمۇ بولمايدۇ» (4922 - بېيىت). بۇ بېيىتلەردە دىنىنى زورلاشقا بولمايدىغانلىقى گەۋدىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە دىنىنى مەجبۇرلىغۇچى ۋاستە بولغان قانۇنىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلگەن.

ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى ئودغۇرمىشنى 3-قېتىم سارايغا تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم كۈنتۇغدى ئۇنىڭغا

مەكتۇپ يوللىمايدۇ، ئۇنىڭ دۆلەت خىزمىتىگە كىرىشنى
خالىمىغانلىقىنى توغرا تاپقانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ خالى-
سا سارايغا كېلىپ ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىشىنى، خۇسۇ-
سىي تەۋسىيەلەردە بولۇشنى ئۆتۈنىدۇ. ئۆگدۈلمىشكە
ئۇنى زورلىماي، سارايغا چىرايلىقچە تەكلىپ قىلىشنى بىل-
دۈرىدۇ. نەتىجىدە ئودغۇرمىشمۇ بۇ قېتىم تەكلىپنى
قوبۇل قىلىپ، سارايغا بېرىشكە ۋە ھۆكۈمدار بىلەن سۆھ-
بەتلىشىشكە ماقۇل بولىدۇ. لائىك دۆلەت دىننى سىياسەت-
كە ۋاستە قىلىشتىن خالىي تۇرىدۇ. بۇ چۈشەنچىنى ئود-
غۇرمىش مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بۇنىڭدىن ئاۋۋال مەن
ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىدىم، چۈنكى ئۇ مەندىن ئۆزىگە مەن-
پەئەت تىلەيتتى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، توغرا
يولنى تۇتتى، توغرا يولغا مەنمۇ كىرىمەن، ئارزۇسىنى ئو-
رۇندايمەن، خاتىرجەم بول» (4994-، 4995-بېيتلەر).
بۇ بايانلاردا دىققەتنى تارتىدىغان بىرىنچى نۇقتا، دىننى
زورلاشقا، بېسىم ۋە كونتروللۇق ئاستىدا تۇتۇشقا بولماي-
دىغانلىقى، ئىختىيارلىقنى شەرت قىلىدىغانلىقىدۇر. يەنە بىر
نۇقتا بولسا، سىياسەت (ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى) خا-
لىغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ سىياسەتكە خىزمەت قىلىشنى خالى-
مىغانلىقى، ئۇنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا كىرىشنى رەت قىل-
غانلىقىدۇر.

ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش كۆ-
رۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇئامى-
لىسىدە ۋە قىلىشقان سۆھبىتىدە دىن بىلەن سىياسەتنىڭ
بىر-بىرىگە ئارىلاشماسلىقىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بىر
مۇنچە دەرس بار. بۇ دىيالوگلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك،
دۆلەت دىنىنىڭ ئەمەلدە كۆرستىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى
ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن سىياسەت-
نىڭ دىننى كونترول قىلىشى سۆز تېمىسى بولمىغىنىدەك،
دىنمۇ سىياسەتكە كېپىللىك بېرەلمەيدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا،
دىنىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئورنىغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتنى
تېئوكراتىك بىر ھاكىمىيەت شەكلىگە باشلىشى «قۇتادغۇبى-
لىگ»تە رەت قىلىنغان بىر چۈشەنچىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، دىن
ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بولغاچقا،
ۋەھىيگە تايانغان دىن ئىنساننىڭ ۋىجدانىغا، خۇسۇسىي
ھاياتىغا خىتاب قىلىدۇ. ئىختىيارلىقنى شەرت قىلىدۇ. ئەقىل-
گە تايانغان قانۇن بولسا، شەخس بىلەن دۆلەت ئوتتۇر-
سىدىكى باغلىنىش بولغاچقا، ئۇ بىر دۆلەتتىكى بارلىق ئىن-
سانلار توپىنىڭ چۈشەنچىسىگە، بىر پۈتۈن جەمئىيەتكە
خىتاب قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى بولىدۇ،
ئەلۋەتتە تۈيغۇ، ۋىجدانغا باغلىق بولغان بىر ئىشتا
پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق بىر ھالەتنى ئىپادە
قىلىشى ناتايىن، لېكىن ئەقىلگە باغلىق بولغان بىر ئىشتا
جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق بىر چۈشەنچىگە كېلىدۇ.
«پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت» بولغان
«قۇرئان كەرىم» ئىنساننىڭ ۋىجدانىنى، ھۆر ئىرادىسىنى
ئالدىنقى شەرت قىلغاچقا، يەنە كېلىپ دىنىنىڭ ئەمەللىرىنى
ئىنسان جامىسى يەتكەن ۋە شارائىت يار بەرگەن دائىرى-
دە ئورۇنداشقا تەكلىپ قىلىنغاچقا، ئۇنى مەجبۇرلاش خا-
راكتېرىنى ئالغان ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ
بىردەك بويسۇنۇشىنى شەرت قىلىدىغان قانۇن ئورنىغا
قويۇش ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قوللىنىش توغرا ئەمەس.
شۇڭا دىننى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنىڭ، خۇ-
سۇسىي ھاياتىنىڭ بىر مىزانى دەپ بىلگەندە، دەۋرنىڭ
ئېھتىياجىنى، ئىجتىمائىي شارائىتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەقىل-
گە، تەجرىبىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن قانۇننى بىر جەمئىيەت-
نى، بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئورتاق پرىنسىپى قىل-
غاندا، يەنى لائىك تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەندىلا «دۇنياۋى
ھايات» بىلەن «ئاخىرەتلىك»نىڭ چەك-چېگراسىنى
ئېنىق ئايرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن
دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەر
مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بايلىقىنى
تولۇق قېزىشقا ۋە ۋىجدانىنى، ئېتىقاد دۇنياسىنى ئەركىن
نامايان قىلىشقا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ تۈزۈمە-
دە دىنغا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ۋىجدان مەسىلىسى
دەپ قارالغاچقا، بىر مىللەت ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر
قانچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ
مىللەت چۈشەنچىسى پارچىلانمايدۇ، يەنى دىنىي مەنىدى-
كى «ئۇممەت» چۈشەنچىسى بىلەن سىياسىي مەنىدىكى
«مىللەت» چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت شەكىللەن-
مەيدۇ، «ئۇممەت» چۈشەنچىسى «مىللەت» چۈشەنچىسى-
نى زىددىلىمەيدۇ.

يۇسۇف خاس ھاجىبنىڭ قارىشىچە، دۆلەت خالىغان
تەقدىردىمۇ، دىن سىياسەتتىن ئايرىم تۇرۇشى، ئۇنىڭ
كونتروللۇقى ئاستىدا بولماسلىقى، بەزىدە دىن دۆلەتنىڭ

قوغدىشىنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىسمۇ، دىن سىياسەتنى
كېيىللىك ئاستىغا ئالماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ دىن بىلەن
سىياسەت بىر-بىرىگە يول كۆرسىتىشى، لېكىن بىر-بىرىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاقىۋەتكە-
دىنغا سىمۇول قىلىنغان ئۇدغۇرمىش بىلەن قانۇنغا
سىمۇول قىلىنغان كۈنتۇغدى كۆرۈشكەندە، ئۇدغۇرمىش
يا قانۇن تۈزۈش، يا قانۇننى ئۆزگەرتىش، يا قانۇن يۈر-
گۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ، يەنى ئۇ سىياسەتكە ئا-
رىلاشمايدۇ. ئۇدغۇرمىش بەزى ۋەزىپىگە ئادەم تەيىنلە-
گەندە ناھايىتى دىققەت قىلىش، خەلققە زۇلۇم قىلماسلىق
دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي تېمىلار ھەققىدە توختالسىمۇ،
ھۆكۈمدارغا ئومۇمەن خۇسۇسىي ھايات بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ نەزەرىدە ئالىم،
كامىل ئەر، دېگىنىنى قىلدۇرالايدىغان ئېتىبارلىق بىر
شەخس بولغان ئۇدغۇرمىش ھۆكۈمدار بىلەن ئۇچراشقاندا
دۆلەت باشقۇرۇشقا، دۆلەت ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە
ئۇرۇنمايدۇ. پەقەت ھۆكۈمدارنى ياخشى ئىنسان بولۇش،
ئاچ كۆز بولماسلىق، مال-دۇنيا يىغماسلىق، ئىنسانلارغا
ياردەم قىلىش قاتارلىق خۇسۇسىي دىنىي-ئەخلاقىي تېمە-
لاردا ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنى «قۇتادغۇبىلىگ»تە دىن
بىلەن سىياسەت بىر-بىرىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ،
دەل ئەكسىچە بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ، ئىن-
سانىنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتكە ئېرىشىشىگە يار-
دەمچى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ لائىك قۇرۇلمىسى ئەسەرنىڭ
ئاخىرىدا ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىشنىڭ ئالاقىسىدە
يەنە بىر قېتىم گەۋدىلىنىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتنى دۇنيا ئىشلىرى
بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۆگدۈلمىش يېشى خېلى بىر يەرگە بار-
غاندا دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆمۈرنى ئىبادەت
بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. بۇ خىيالىنى بېرىپ ئۇدغۇر-
مىشقا ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت
ئىشلىرىنى تاشلاپ ئىنسانلاردىن يىراقلىشىشىغا ۋە ئۆزىنى
پۈتۈنلەي ئىبادەتكە ئاتىۋېتىشىگە قارشى چىقىدۇ. باشقىچە
ئېيتقاندا، دۆلەت (سىياسەت) خالىغان تەقدىردىمۇ، دىن دۆ-
لەتنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىغا ياكى دۆلەتنىڭ دىنىنىڭ كونت-
روللۇقى ئاستىغا كىرىشىگە يەنە بىر قېتىم قارشى تۇرىدۇ.
ئۇدغۇرمىشنىڭ قارىشىچە، ئۆگدۈلمىشتەك بىلىملىك بىر
دۆلەت خادىمى ۋەزىپىگە قويۇلۇشى بىلەن «قانۇن-قائى-
دىلەر ياخشى، مۇكەممەل تۈرغۇزۇلدى، يامانلار ھىيلە-نەيى-
رەڭلىرىنى تاشلاپ، ئەلدىن يوقالدى» (5735-بېيت)،
شۇڭا ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە مۇنداق دەيدۇ:
«بۇلارنى تاشلاپ، سەن بۇيەرگە كەلسەڭ، ئۇ ئىشلار بۇ-
زۇلىدۇ، ئۆزۈڭ پۇشايمان قىلىسەن» (5736-بېيت). «بۇ
قانۇن-قائىدىلەر يەنە ئۆزگىرىدۇ، مەملىكەتمۇ بۇزۇلۇپ،
قىلغان ئىشلىرىڭدىن ھېچ ئەسەر قالمايدۇ» (5738-بېيت).
ئۇدغۇرمىشنىڭ قارىشىچە، ئۆگدۈلمىش ۋەزىپىسىدىن ۋاز
كەچسە، يەنى دۆلەت دىنغا تەسلىم بولسا جەمئىيەت تەرتىپى
بۇزۇلۇپ، دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەتەرگە ئۇچرايدۇ.

بۇ بېيىتلەردىنمۇ مەلۇمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
سىياسەت بىلەن مەشغۇل بولغانلار سىياسەت بىلەن، ئۆزدى-
نى ئىبادەتكە ئاتىغانلار ئىبادەتنى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى،
بىر-بىرىنىڭ ساھەسىگە ئارىلاشماسلىقنى تەكىتلىگەن. ئۇد-
غۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىبادەت
بىلەن شۇغۇللىنىشىنى رەت قىلغىنىدەك ئۆزىنىڭمۇ تاغدى-
كى ئىبادەتنى تاشلاپ، شەھەرگە بېرىپ دۆلەت خىزمىتىگە
ئارىلىشىشىنى رەت قىلغان. ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە
مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت كۆرمىگەن ئادەم سائادەتكە ئې-
رىشسە، ئۇنىڭ تەبىئىتى بارغانسېرى بۇزۇلۇپ، ئەلگە
ئاپەت كەلتۈرىدۇ» (5757-بېيت). «ھۆكۈمدار بولمىغان
ئادەم ئەلگە باش بولسا، ھەم قولى ھەم تىلى خەلققە
زۇلۇم قىلىدۇ» (5758). ئەلۋەتتە بۇ زۇلۇم ئاخىر بېرىپ
دۆلەتنى ھالاكەتكە باشلايدۇ. ئۇدغۇرمىشنىڭ نەسىھىتىنى
ئاڭلاپ ئۆگدۈلمىش ئىنسانلاردىن يىراقلىشىپ، ئۇدغۇر-
مىشقا قوشۇلۇپ ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە ھۆ-
كۈمدارنىڭ يېنىغا قايتىپ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىگ»تە دىن بىلەن سىياسەت
بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ۋە بىر-بىرىنى كونتروللۇق ئاستى-
غا ئالمىغان ئىككى ئەركىن ساھە سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ.
لېكىن بۇلار بىر-بىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، بىرىگە ياردەمدە
بولىدۇ. ئەسەردە بىر تەرەپتە ھۆكۈمدار كۈن تۇغدى،
ۋەزىر ئۆگدۈلمىش، يەنە بىر تەرەپتە دىندار ئۇدغۇرمىش
ۋە ئۇنىڭ مۇرىتى قۇمارۇ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز يولىدا
ياخشى ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە بىر گۇرۇپپىنىڭ
يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ ئىشىغا قول ئۇزىتىشى بىر تەرەپتىن
ئۆز ئىشىنى ئاقسىتىپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ

گـۇرۇپپىنىڭ ئـىشىنمۇ بـۇزىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك،
ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇنۇ-
شى ھەم دۆلەت ئىشلىرىنى بۇزۇلۇشقا دۇچار قىلسا، ھەم
ئودغۇرمىشتەك تەجرىبىسىز بىر كىشىنىڭ دۆلەت خىزمىتى-
گە قويۇلۇشى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى تـەلتۆكۈس بـۇزۇلـ-
دۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىشى بـولغان ئـىبادەتكىمۇ
ۋاقىت چىقمايدۇ. شۇڭا ئـودغۇرمىش ئـۆگدۈلمىشكە:
«بۇگۈن ئۇ يەردە تـۇرۇش سـەن ئـۈچۈن يـاخشى، مـەن
ئۈچۈن بولسا بۇ يەردە تۇرۇش يـاخشى» (5725-بېيت)
دەيدۇ. بۇ بېيىتىمۇ دىن بىلەن سىياسەتنىڭ بـىر-بـىرىدىن
ئايرىلىشى، ھەر ئىككى ساھەنىڭ ئۆز ئالدىغا يـول تـۇتۇ-
شىنىڭ لازىملىقى ئالغا سۈرۈلگەن. لېكىن تامامەن مۇستە-
قىل بولغان بۇ ئىككى ساھەنى بىر-بىرى بىلەن زادى مۇ-
ناسىۋەتى يوق دەپ چۈشىنىشكىمۇ بـولمايدۇ. چۈنكى،
«قـۇتادغۇبىلىگ»دە ئـودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكـە ۋە
كۈن تۇغدىغا نەسىھەت قىلغىنىغا ئوخشاش لائىـك دۆلـەتتە
دۆلـەت خـادىملىرى ئـىجتىمائىي قـىممەت سـىستېمىسىنىڭ،
دىنىنىڭ ھەر خىل ئەمەل-قائىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ
تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە دۆلـەت خـادىملىرى دىنسىز بـولمىسىلا
ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ ئەمەل-قائىدىلىرىنى ئۆز ھا-
ياتىغا بىر مىزان قىلىشقا تىرىشىدۇ. يۇسۇپ خـاس ھـاجىپ
دىندارلارنىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىششىنى قـوبۇل قـىلمىغان
بـولسىمۇ، دىنـىي چۈشەنچىلەرنىڭ، ئـىجتىمائىي قـىممـەت
سىستېمىسىنىڭ بـەزى ئـەھۋاللاردا پـايدىلىق چۈشەنچىلەر
بـىلەن تـەمىنلەيدىغانلىقىدىن يـېتىرقىمايدۇ، ھـەتتا ئـۇنـى
زۆرۈر دەپ قارايدۇ. لائىـك دۆلـەتتە دىنىنـىڭ سىياسەتكە
بـىۋاسىتە ئـارىلاشماي، ئـىدارە قـىلغۇچىلارنىڭ ۋىجدانـىغا
خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي قىممەت سىستېمىسىنىڭ
دۆلەت ئىدارە قىلىشتا ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ جانلىق بىر شە-
كىلدە ياردەمچى بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. دۆلەتمۇ ھەر
خىل ئېتىقادتىكى كىشىلەرگە ئۆز دىنىنى ئەركىن ئۆگىنىش-
كە، تارقىتىشقا، ئىبادەت ۋە مۇراسىملىرىنى ئەركىن ئىجرا
قىلىشقا، ئەمەل-قائىدىلىرىنى ئۆز چامىسى يەتكەن دائىـ-
رىدە ئورۇندىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. دىن تەھلىكە-
لىك ئەركىن، ساغلام بىر شەكىلدە داۋاملىششىغا شـارائىت
يارىتىپ بـېرىدۇ. دىن تـەھلىكىلىك ئـەھۋالغا دۇچ كـەلسە،
دۆلەت دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئـۇنى تـوسىدۇ. دىنـىي
زىددىيەت يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ نـۇقتا «قۇ-
تادغۇبىلىگ»دە ئـودغۇرمىش ئـاغرىپ قـالغاندا، ئۆگدۈل-
مىش ئۇنى يوقلاپ كەلگەن، كۈنتۇغدى ئۇنىڭ سالامەتلى-
كىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان.

قىسقىسى، يـۇسۇپ خـاس ھـاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»
دە ھەر ئىشنى «ئەقىل» ۋە «بىلىم» بىلەن قىلىشنى، دۆ-
لەتنىمۇ ئەقىل ۋە بىلىمگە تايانغان «ئادىل قانۇن» بىلەن
ئىدارە قىلىشنى، ئىنساننىڭ ھەم بـۇ دۇنيانىڭ لـەززىتىدىن
ھەم ئاخىرەتنىڭ سـائادىتىدىن تـولۇق بـەھرىمەن بـولۇش
ئۈچۈن دىن يولى بىلەن دۇنيا يـولىنى، يـەنى دىن بـىلەن
دۆلەت ئىشلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىشنى تەۋسىيە قىلغان.
ئـالىمنىڭ بـۇ ھـەقتىكى پـىكىرلىرىنى بـۈيـۈك تـۈركولوگ
رەشىد رەھمەتى ئارات مۇنداق سۈرەتلىگەن: «مۇئەللىپ-
نىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، دىن يولى بىلەن دۇنيا يـول-
نىڭ بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشۇشىنىڭ جـانلىق سـەھىپىلىرىگە
ئەگەشكەن ئوقۇرمەن تـۈركنىڭ ئـەمەلىي ۋە ئـەقلى دەپ
خاراكتېرلەندۈرۈشكە بولىدىغان دۇنيا قارىشىغا شاھىت بو-
لىدۇ» ⑤. ئەمەلىيەتتىمۇ يۇسۇپ خاس ھـاجىپنىڭ كـىتابى-
دىكى لائىكلىق چۈشەنچىسى تۈركىي تـىللىق قـوۋملارنىڭ
ئەقىلچىل ۋە ئەمەلىيەتچىل بولغان مـىللىي خـاراكتېرىدىن،
زامانغا، ماكانغا ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بـولغان
ئىدارە قىلىش شەكلىنى قوبۇل قىلغان قانۇنىي ھـاكىمىيەت
تەجرىبىسىدىن كەلگەن. تارىختا ھۇن، كـۆكتۈرك، ئـۇيغۇر،
ھـازار ۋە ئـوغۇز قـاتارلىق تۈركىي تـىللىق قـوۋملارنىڭ
قۇرغـان خـانلىقلىرى لائىـك دۆلـەتلـەر ئـىدى. شـۇڭا
ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە ھەرخىل دىنلار تارقىلىپ، ھەر خىل
دىن مۇرىتلىرى ئۆز دىنىنى ئـەركىن ئۆگىنىش ۋە تـارقى-
تىش پـۇرسىتىگە ئـېرىشكەن. ئـەلۋەتتە بـىر قـانچە خـىل
دىنىنىڭ بىر ئورۇندا بىللە مەۋجۇت بـولۇشى شـۇ ئـورۇندا
ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيەتنىڭ ئىختىدارىغا باغلىق بولۇپ،
بـۇ ھۆكۈمدار گـۇرۇھنىڭ دېموكراتىيە چـۈشەنچىسىگە،
تەڭرى، ئىنسان، دۇنياۋى ئىشلار ۋە ئاخىرەتلىكنىڭ بىر-
بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قـىلىش سـە-
ۋىيەسىگە، يەنى دۇنيـاۋى مـەسىلىلەردە دىن بـىلەن سىيا-
سەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش چۈشەنچىسىگە باغلىنىدۇ.
بۇ ھەقتە ئەرەب ۋە پارس ئـاپتورلىرىنىڭ ئـەسەرلىرىدىمۇ
مەلۇمات بـار. «بـۇ ئـاپتورلارنىڭ يـېزىشىچە، دەسلـەپكى
ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بولغان قارا خانىلار، غـەزنەۋىلەر ۋە
سـەلجۇقلارنىڭ ھـۆكۈمـدارلىرى دىن بـىلەن سـىياسەتنى
ئـايرىۋەتكـەن. بـۇ دۆلـەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى دۆلـەت
ئـىشلىرىدا «نـەقىل» (شـەرىئەت)نـىڭ ئـورنىغا «ئـەقىل»

(قانۇن)نى، پەيغەمبەرنىڭ ئورنىغا يۇنان پەيلاسوپلىرىنى
مۇھىم ئورۇنغا قويغان دۇنياۋى ئىنسانلار ئىدى» ⑥.
قارا خانىلارنىڭ خاقانلىرىدىن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ
ئۆزىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا دىننىڭ ئەھكاملىرىنى ئورۇن-
دىمىدى دەپ ئەيىبلىگەن بەزى دىنىي زاتلارغا ئۆلۈم جا-
زاسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانلى-
قى ۋە بۇ جازانىڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى بۇ
تۈزۈمگە بىر مىسالدۇر. دېمەك، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان
مەشھۇر سىياسەت ـ قانۇن كىتابى «قۇتادغۇبىلىگ» يالغۇز
يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ زېھنىدىكى مەۋجۇت نەزەرىيەنىڭ
بىر ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ھۇنلار دەۋرىدىن
بېرى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ جەمئىيىتىدە تەتبىقلىنىپ
كەلگەن دۆلەت، ھەق، ئادالەت، قانۇن، دىن ئۇقۇملىرى-
نىڭ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي شەرھىسىدۇر. ئاخىرىدا شۇنىمۇ
ئېيتىش كېرەككى، 1517 ـ يىلدىن باشلاپ خەلىپىلىكنى
ئۆتكۈزۈۋالغان تارىختىكى مەشھۇر ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى-
نىڭمۇ لائىكلىق خاراكتېرى بار ئىدى. بۇ دۆلەتتە ئىككى
خىل قانۇن بولغان. بۇنىڭ بىرى، ئەقلگە تايانغان ئۆرپ ـ
ئادەت قانۇنى ياكى سۇلتانلارنىڭ قانۇنلار توپلىمى، يەنە
بىرى بولسا شەرىئەت قانۇنى ئىدى. ئالدىنقىسى دۆلەت
ئىشلىرىدا، كېيىنكىسى دىنىي ئىشلاردا تەتبىقلانغان. نوپۇز
جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى ياكى سۇلتان-
لارنىڭ قانۇنلار توپلىمى شەرىئەت قانۇنىدىن ئۈستۈن
تۇرغان. دېمەك، ئوسمانلىلار شەرىئەت قانۇنىدىن ھالقى-
غان بىر قانۇن سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. 1923 ـ
يىلى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى
ئىچىدە لائىكلىقنى ئۇزۇل ـ كېسىل يولغا قويالىشى ۋە
باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر يولدا مې-
ڭىشى مانا شۇنداق بىر تارىخىي تەجرىبىنىڭ ۋە مۇستاپا
كامال ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دېمەك بىزنىڭ ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي
مۇساپىسىدىكى ئىدىيەۋى ۋە ئىجتىمائىي تاللاشلىرىنى بە-
لىشىمىزنىڭ، يۈسۈف خاس ھاجىبقا ئوخشاش دانالارنىڭ
ئىدىيەلىرىنى چۈشىنىشىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى دىنىي ئەسەبىي-
لىك قاتارلىق ئازغۇنلۇقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ توغرا
يولدا ئېغىشماي مېڭىشىمىزدا رېئال ئەھمىيىتى بار دەپ قا-
رايمىز.

ئىزاھاتلار:

① ئىبراھىم ئاگاھ چۇبۇكچۇ : «كۈلتۈر تارىخىمىزدا دىن»، «بەللەتەن»، ئەنقەرە: تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، تۈركچە نەشرى، 44 ـ جىلد، 210 ـ سان، 787 ـ بەت.

② ئىبراھىم سارىچام، سەيفەتتىن ئەرشاھىن: «ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى»، ئەنقەرە، تۈركىيە دىيانەت ۋەھپى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 86 ـ بەت.

③ يۈسۈف خاس ھاجىب: «قۇتادغۇبىلىگ» II ، نەسرىي نۇسخا، ئەنقەرە: تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 382 ـ بەت.

④ ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي كۈلتۈرى»، ئىستانبول: ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 358 ـ بەت.

⑤ ئا . زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبول: ئەندەرۇن نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 96 ـ بەت.

⑥ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» («قۇتادغۇبىلىگ» ماددىسى)، ئىستانبول: مىللىي مائارىپ نەشرىياتى، 1977 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 6 ـ جىلد، 1041 ـ بەت.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2012 ـ يىللىق سانلىرىد-
غىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017

# خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى خەلپىتىم

ئەخمەت مۇھەممەد



1963-يىلى، كۇچا ناھىيە ياقا تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم، ھەر كۈنى
دەرستىن چۈشكەندە مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىپ
كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنىدىم. بىر كۈنى قىرائەتخانىغا
كىرسەم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1957-يىلى نەشر
قىلغان «قوشاقلار» ۋە 1962-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان
«ئەمگەك قوشاقلىرى» ناملىق كىتابلار كۆزۈمگە چېلىقتى-
دە، ئۇنى ئوقۇشقا قىزىقىپ ئارىيەتكە ئالدىم. بۇ ئىككى
پارچە قوشاقلار توپلىمىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر
تۈركۈم ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ھەر خىل تېمىدى-
كى قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر ئىككى
كىتابنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ياقا بازىرىنىڭ ئاقبۇيا كەنتى-
دىن يېتىشىپ چىققان خەلق قوشاقچىسى موللاتۇردى خەل-
پىتىمنىڭ نامىدا «ئەجەب ئازاد زامان كەلدى»، «زۇلمەت-
لىك ئۆتمۈش ھەققىدە»، «كۇچا يېڭى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇ-
شى ھەققىدە»، «نېفت ھەققىدە قوشاق» ماۋزۇلۇق ئىجا-
دىيەتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دىققىتىمنى ئالاھىدە
جەلپ قىلدى.

بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىلا كۈپلېتلىرى يەتتە بوغۇم-
لۇق، تۆت مىسرالىق، توق قاپىيەلىك، رىتىم تۇراقلىرى
ئېنىق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك. تىلى ئاددىي، ئاممىباب،
پىكىرلىرى ئۆتكۈر، مىللىي ئۇسلۇبقا، يەرلىك پۇراققا،
دەۋر روھى چىنلىقىغا ئىگە بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالا-
ھىدىلىكلەرىنىڭ كۆپچىدىن بولسا كېرەك، مەن ئۇ قوشاق-
لارنى ناھايىتى تېزلا يادقا ئېلىۋالدىم ۋە خاتىرە دەپتىرىم-
گە كۆچۈرۈۋالغانىدىم. ئارىدىن يىگىرمە ئەسىر ئۆتۈپ
كەتتى، ئۇ ئىككى كىتابنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن، ھېچكىم-
دىن تاپالماي، قايتا كۆرۈشكە نېسىپ بولمىدى. ھازىر
يېشىم 60تىن ھالقىدى، ھاياتىمدىكى نۇرغۇن ئىشلار ۋە
نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ياش ۋاقتىمدا يادقا ئېلىۋالغان بەزى
شېئىرلىرى ئۆمرۈمنىڭ ئۇزۇن سەپىرى داۋامىدا ئېسىمدىن
كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق قوشاقچىسى
موللا تۇردى خەلپىتىمنىڭ قوشاقلىرى ھازىرغىچە ئېسىم-
دىن چىققىنى يوق، ئۇنى ھازىرمۇ دۇدۇقلىماي، تەمتىرى-
مەي تولۇق يادقا ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى شادىل 1892-يىلى
مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

موللا تۇردىنىڭ ئاتىسى موللا شادىل ۋە چوڭ دادى-
سى موللا خۇدابەردى ئەينى زاماندىكى كۆزگە كۆرۈنگەن
ئۇقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن بولۇپ، قوشاق
توقۇشقا، چۆچەك، لەتىپە ئېيتىشقا، ھەزىل-چاقچاققا ماھىر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى ئىدى.

بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتى، موللا تۇردى خەل-
پىتىمنىڭ ناھايىتى تىرىشچان، زېرەك، ئەقىللىق ۋە قوشاق-
چى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەت-
كەن. موللا تۇردى خەلپىتىم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يىللاردا

پەنني مەكتەپ بولمىغانلىقتىن ئائىلىسىدە ۋە يۇرتىدا ئىسلام دىنىي ساۋاتلىرىنى ئۆگەنگەن، كېيىن كۇچادىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان، كۇچادىكى داڭلىق مۇدەررىس مۇسايۇپ دامولla ھاجىمنىڭ بىلىم، تەربىيەسىنى ئالغان. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمىي سەرپ (ھېساب)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئاھاڭگىرە (مېتاللچىلىق ئىلمى)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە ۋە باياز تۈزۈش ساھەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئەشۇ تىللاردا خەت، خاتىرە يازالايدىغان ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. ئاتىسىدىن ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك ۋە كلاسسىك شېئىر-قوشاقلارنى ئاڭلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە «خېمىر تۇرۇچ» تەييارلىغان. دادىسى ئىجاد قىلغان شېئىر-قوشاقلارنى يادقا ئېلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ ئىجتىھات بىلەن قىزىقىپ ئۆگەنگەن. جامائەت تەرىپىدىن «شەيخ ئىسلام موللا تۇردى خەلپىتىم» دەپ ئاتالغان. موللا تۇردى خەلپىتىم شېئىر-قوشاقلىرىنىڭ قول يازمىلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەرەب، پارس، ئوردۇ يېزىقىدا يېزىپ چىققان، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغانلىرىنى ئۇنىڭ كۈيئوغلى، ئەدەبىيات-سەنئەت ھەۋەسكارى نىياز سامساق ئاقيارى (ھازىر ھايات) ۋە شىرەم تۇغقىنى، يېزىق ياردەمچىسى نايۇپ تۇراپ (ھازىر ھايات، 77 ياش) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېزىقىدا كۆچۈرۈپ بەرگەن. موللا تۇردى خەلپىتىمنى «تىلى ئۇيغۇرچە، يېزىقى ئەرەب، پارسچە خەلق شائىرى» دېيىشكە بولىدۇ.

موللا شادىل موللا خۇدا بەردىنىڭ موللا تۇردى، موللا غازى، سارىخان ۋە موللا قادىر ئىسىملىك تۆت پەرزەنتى بولۇپ، تۇنجى ئوغلى موللا تۇردى ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەدەبىياتقا، شېئىرىيەتكە چوڭقۇر زوق ئىشتىياق باغلاپ، رېئال تۇرمۇشتىكى رېئال ۋەقەلەرنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر كۆزىتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئاممىباب شېئىر-قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

موللا تۇردى خەلپىتىم ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ناھايىتى زېرەك، ھوشيار، ھەزىلكەش، ھازىر جاۋابلىق، يۇمۇرىستىك پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن تۈگمەنچىگە بەرگەن يۇمۇرىستىك جاۋابى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. موللا تۇردى خەلپىتىم 13-14 ياشلارغا كىرگەن يىلى ئاتىسى موللا شادىل بوغداي ئۆگۈتلىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە موللا تۇردىنى مىندۈرۈپ، مازارباغ كەنتىدىكى «روزى توكۇر»نىڭ تۈگمىنىگە ئۇن تارتىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. تۈگمەنچى بىر كىچىك بالىنىڭ ئۇن تارتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قاپتۇ-دە:

— ھەي، سەن كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىغانىكەن، موللا تۇردى شۇ ھامان:

— ئۇقمايمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇقمايمەن دەيسىنا؟! سەن تام تۆشۈكىدىن چىققانمۇيا؟ — دەپ سوراپتۇ تۈگمەنچى. موللا تۇردى:

— تام تۆشۈكىدىن ئۆمۈچۈك، ھەرە، قۇرت-قوڭغۇز، قۇشقاچ بالىسى چىقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا تۇردى.

— ساراڭمۇ نېمە بۇ بالا؟ ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ ئىسمىنى بىلمەيدىغان؟! — دەپ كايىپتۇ تۈگمەنچى.

— ھەي! ئاتا-ئاناڭنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەمسەن؟ — ئەزۋەيلەپ سوراپتۇ تۈگمەنچى ئۇنىڭغا زېغىرلاپ چۈشەندۈرۈپ.

— داداممۇ، ئاناممۇ، مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسلا مېنى «بالام» دەيدىكەن، شۇڭا «ئۇقمايمەن» دېدىم شۇ. يەنە بىر قېتىم كەلگەندە سوراپ، ئېنىق ئۇقۇپ كېلەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا تۇردى كۈلۈپ تۇرۇپ. موللا تۇردىنىڭ ئېشەككە ئارتىلغان خۇرجۇندىكى ئۆگۈتنى چۈشۈرۈشكە كۈچى يەتمەي، تۈگمەنچىنىڭ قوپال پوزىتسىيەسىگە قارىتىپ:

ئۇن تارتىدۇ تۈگمەنچى،
پوستەك تۇتۇپ، توزغاق ① يەپ.
تەندە ماغدۇر-كۈچى يوق،
ئاش-تاماقنى قۇرغاق ② يەپ.

① توزغاق — ئۇن توزۇندىلىرى. ② قۇرغاق — گۆشسىز، مايسىز، كۆكتاتسىز تاماق مەنىسىدە.

مەن ئەكەلگەن ئۆگۈتنىڭ،
بىر تال ئەخلەت — چارى يوق.
كۆزگە ئىلماي تۆگمەنچى.
كىرىپ كەتتى كارى يوق.

دېگەن قوشاقنى توقۇپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان تۆگمەنچى:

— بۇ شۇمتەك مۇشتەك تۇرۇپ ئەجەب بەك گەپچىكنا، — دېگىنچە مىيقىدا كۈلۈپ، ياردەملىشىپ خۇرجۇننى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ موللا تۇردىنىڭ ئۆگۈتلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تارتىپ بېرىپ يولغا سېلىپتۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا تۇردى خەلپىتىم يېڭى-يېڭى تېمىلاردا، ھەر خىل مەزمۇن، خىلمۇ-خىل شەكىللەردە نۇرغۇن شېئىر-قوشاقلارنى يازدى. ئۇنىڭ شېئىر-قوشاقلىرىدىن بىر قىسمى نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللاردا، توپلام كىتابلاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. يەنە بىر قىسىم شېئىر-قوشاقلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئەجەب ئازاد زامان كەلدى»، «زۇلمەتلىك ئۆتمۈش ھەققىدە»، «بىلىم ئېلىڭ تۇغقانلار» ماۋزۇلۇق شېئىر-قوشاقلىرى 1957-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قوشاقلار» ناملىق توپلامغا، «كۇچا يېڭىشەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە»، «نېفىت ھەققىدە قوشاق» قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1962-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان «ئەمگەك قوشاقلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. «يولۋاس بىلەن توشقان» ماۋزۇلۇق چۆچىكى 1957-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق توپلامغا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئوقۇش كىتابى» (تىل-ئەدەبىيات) دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985-يىلى 12-ئايدا نەشر قىلغان (ئۇچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، ئۈچ پارچە شېئىر-قوشىقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىلى نەشر قىلغان (ئۇچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن) چوڭ ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ شېئىر-قوشاقلىرىنىڭ بەزىلىرى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى (تارىم)»، «مىراس»، «بۇلاق»، «كۆسەن ئەدەبىياتى»، «كۇچا خەلق قوشاقلىرى»، «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

موللا تۇردى خەلپىتىم 1953-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا، 1957-يىلى 5-ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلتىيىغا خەلق قوشاقچىلىرى ۋەكىلى بولۇپ قاتناشقان ھەم ئۇنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ قۇرۇلتاي جەريانىدا زىيا سەمەدى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئەخمەت زىيائى، نىمشېھىت، ئابدۇكېرىم خوجا، زۇنۇن قادىرى، ئىبراھىم مۇتئى، ئەلقەم ئەختەم، ئەرشىدىن تاتلىق، مۆمىن سەيرى، غەنىزات غەيۇرانى، قۇربان ئىمىن، جاپپار ئەمەت، تۇردى سامساق، مۇھەممەد ناپىر، مالىك كېۋىر قاتارلىق ئاتاقلىق شائىر-يازغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇشقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان.

موللا تۇردى خەلپىتىم 60 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا 5 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر-قوشاقلارنى رەتلەپ، «ھازەل كىتابى رەددىل نەپاق» (ئىتتىپاقسىزلىقنى رەددىيە بېرىش ھەققىدىكى كىتاب)نى توپلام قىلىپ نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، بۇ، بۈيۈك ئارزۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان. بىر قىسىم قول يازمىلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى خەلپىتىم 1970-يىلى ئەتىيازدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئوچا يېزىسىنىڭ خانلىقئېرىق كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ 3-ئوغلى ياقۇپ تۇردىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان، 1970-يىل 2-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، خانلىقئېرىق كەنتىدە 78 يېشىدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ كەنتتىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىنغان.

موللا تۇردى خەلپىتىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىر-قوشاق ئىجادىيەتلىرى ئانا يۇرتىدا ۋە كۇچا ناھىيەسى تەۋەسىدىلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە شېئىر ـ قوشاق ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭغا دائىر بەزى تەسىرلىك سۆھبەتلەر ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە پاكىتنى مىسال كەلتۈرەي:

1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا باردىم. ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئورنى ئونسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدە بولۇپ، شىمالىي تەرىپى قورقۇنچلۇق ئېگىز ياردائڭلىق، ئۇنىڭ ئۈستى پاياسىز، قويۇق قەبرە ـ گۈمبەزلەر بىلەن تولغانىكەن. بىر كۈنى ساۋاقداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ:

— ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنى قالتىس گۈزەل، ھەشەمەتلىك بىنا ـ ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاۋات شەھەردىمىكىن دەپ ئويلىسام، قورقۇنچلۇق ياردائڭلىق، قەبرىستانلىقنىڭ تۈۋىدە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېيىشىمگە، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتتېيشى يېزىسىدىن كەلگەن ساۋاقدىشىم مامۇت ئەمەت قىزىقچىلىق قىلىپ:

ئاقسۇنىڭ يول ـ كوچىسى،
قاتار ـ قاتار رەستىدۇر.
ئۆلۈكلىرى ئېگىزدە،
تىرىكلىرى پەستىدۇر.

دېگەن قوشاقنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ، زېرىكىشلىك خىياللىرىمىزنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

مەن بۇ قوشاقنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا، ھەم بۇ بىر كۇپلېت قوشاقتا ئونسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شۇ چاغدىكى جۇغراپىيەلىك ئورنىنى، تەبىئىي شارائىتىنى چىنلىق بىلەن ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەچكە، ئاپتورغا غايىۋانە قايىل بولغانىدىم. 1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مەرھۇم شائىر، يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ «بەشكېرەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ 58 ـ بېتىدىكى «مۇتەللىپ قەبرىسى» ناملىق شېئىرنىڭ 1 ـ كۇپلېت باش مىسراسىدا:

«ئاقسۇنىڭ كوچىسى رەستىمۇ رەستە،
ئۆلۈكى ئېگىزدە، تىرىكى پەستە»

دېگەن ئىككى مىسراغا بەت ئاستى ئىزاھاتى بېرىلىپ: «بۇ ئىككى مىسرا كۇچالىق خەلق شائىرى مەرھۇم موللا تۇردىنىڭ. ئۇنى ئاپتور ماڭا 1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكىنىمىزدە ئېيتىپ بەرگەنىدى» دېيىلگەن.

موللاتۇردى خەلپىتىم قوشاقلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، تېما دائىرىسى كەڭ، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول، بوغۇم، رىتىم، تۇراقلىرى ئېنىق، تىلى گۈزەل، تاتلىق، سۆز تېكىستلىرى ئىخچام، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، قاپىيەلىرى توق. ئۇنى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىخچام، يارقىن كۆرۈنۈشى، يازما خاتىرىسى ۋە ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ. موللا تۇردى خەلپىتىم قوشاقلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، خەلقنىڭ ئەركىن زامانغا ۋە گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشى، كومپارتىيەگە، ۋەتەنگە، سوتسىيالىزمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش يولىدىكى قىزغىنلىقى، نادانلىق، نامراتلىق ۋە قالاقلىق، ساختىلىق، خۇراپاتلىق، ھۇرۇنلۇق، فېئوداللىق ئىدىيە ۋە ناچار ئىللەت، يامان خاھىشلارنى تەنقىدلەيدىغان غەزەپ ـ نەپرىتى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش — ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

پايدىلانمىلار:

1. «كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 63 ـ بەت.
2. نىياز مەھمۇد: «مەرىپەتپەرۋەر خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى»، «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» 1999 ـ يىل 5 ـ ئاي، 5 ـ سان، 108 ـ بەت.
3. ھۇسەيىن ئىمىنھاجى، غوپۇر ئىسمائىل، خېلىل ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ھاجى، سۇلايمان تۇردى، يۇسۇپ ھاجى تۇردى، نايۇپ تۇراپ قاتارلىقلارنىڭ 2011 ـ يىل 9 ـ ئايدىكى ئاغزاكى تونۇشتۇرۇشلىرى.

(ئاپتور كۇچا ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# ئاجەر ئېگىزلىك تاسىلى



— تارىختىن بۇرۇنقى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قىيا تاش رەسىملىرى مۇزېيى

تەۋەلىكى: ئالجىرىيە، ئېنگلىزچە نامى: Tassili



ئاجەر ئېگىزلىكىدىكى تاسىلى ئالجىرىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان. ئاجەر تاغ تىزمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 2335 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئالجىرىيەنىڭ داڭلىق ساياھەت رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تىك قىيالىق جىلغىلىرى، ئاجايىپ-غارايىپ يارداڭلىقلىرى، پايانىغا كۆز يەتكۈسىز قاقاس سەھرايى كەبىر چۆل مەنزىرىسى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئادىمىزات ئاياغ باسمايدىغان بۇ پايانسىز قۇملۇقتىكى ئاجەر ئېگىزلىكىنىڭ تاسىلى مەركىزىي رايونىدا 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان قىيا تاش رەسىملىرى ۋە ئويما ئەسەرلەر ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000-يىللاردىن مىلادى 1-ئەسىرگە قەدەر بولغان مەزگىللەر ئىچىدىكى سەھرايى كەبىر رايونىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشلىرى، ھايۋاناتلارنىڭ كۆچۈشى ۋە ئىنسانلار ھاياتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانلىرى خاتىرىلەنگەن. 1982-يىلى، ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى بۇ يەرنى مەدەنىي يادىكارلىق مىراسلىرى قاتارىدا «دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىقى مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزدى.



«سەھرايى كەبىر» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «قۇملۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن قىزىل دېڭىزغىچە تۇتىشىدۇ. سەھرايى كەبىرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان كەڭلىكى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، كۆلىمى پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقا رايونىنى قاپلايدۇ. ئومۇمىي دائىرىسىنىڭ تۆتتىن بىرى قۇملۇق، قالغان قىسمى قاقاس تاغلىق ۋە تاشلىق، قۇرغاق تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت.



ئىنسانىيەتنىڭ يازما تارىخى باشلانغاندىن بۇيان، كىشىلەر سەھرايى كەبىرنى ئىنسانلار ياشاشقا ماس كەلمەيدىغان سىرلىق

جاي دەپ قاراپ كەلدى. لېكىن ئارخېئولوگلار ۋە گېئو-
لوگلارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشىدىن بايقى-
لىشىچە، سەھرايى كەبىر ئەزەلدىنلا شۇنداق جاي بولماس-
تىن، بەلكى تېخى ياش بىر قۇملۇق ئىكەنلىكى مەلۇم
بولدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 8000 يىل ئىلگىرى ساھرايى
كەبىرنىڭ سۇ بايلىقى مول، كۆللەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ
كەتكەن، ھەممە يېرى قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان،
مۇنبەت تۇپراقلىق چوڭ يايلاق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ھاي-
ۋانلارنى ناھايىتى ياخشى ياشاش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن-
دى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، كېيىنكىلەر سەھرايى كەبىردىكى
نۇرغۇن ئۆڭكۈر تاملىرىدا قەدىمكى ئىنسانلار سىزىپ قال-
دۇرغان بېگمۇت، پىل، زىراپە، كەركىدان، شىر، سۇ كال-
سى، ياۋا كالا، بۆكەن، تۆگىقۇشى، جەيرە قاتارلىق نۇرغۇن-
لىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى بايقىدى.

كۆپلىگەن دەلىل- ئىسپاتلارغا قارىغاندا، تارىختىن
بۇرۇنقى قەدىمكى دەۋرلەردە، سەھرايى كەبىردە ئىنسان-
لارنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. مۇشۇ رايوندىكى ئۆڭكۈر ۋە
تاش تاملاردا بايقالغان نەچچە مىڭلىغان تام رەسىملىرى
بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. سەھرايى كەبىرنى دۇنيادىكى
تام رەسىملىرى ئەڭ كۆپ جاي دېيىشكە بولىدۇ. بۇ رە-
سىملەردە سەھرايى كەبىر رايونىدا يۈز بەرگەن كىلىمات
ئۆزگىرىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، شۇنداقلا بۇ
رەسىملەر يەنە سەھرايى كەبىر رايونىدا ئەينى چاغلاردا
بارلىققا كەلگەن، يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن قەدىمكى
مەدەنىيەتكە شاھىد بولالايدۇ.

سەھرايى كەبىردىكى قىيا تاش رەسىملىرى تۇنجى
بايقالغان ۋاقتى 1850 - يىلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.
شۇ چاغدا گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پالئۇت فەززان
(ھازىرقى لۇۋيە تەۋەلىكىدە)، تاسىلى، ئاجىجەر قاتارلىق
جايلارغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە، ئويلىمىغان
يەردىن بىر قىسىم قىيا تاشلارغا سىزىلغان كالا توپلىرىنىڭ
رەسىملىرى ۋە ھايۋان باشلىق ئادەم سۈرەتلىرىنى بايقاپ
قالغانىدى. كېيىن، ئۇ يەنە بىر قىسىم ئويما يېزىقلارنىمۇ
بايقىغان. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق بايقىشىنىڭ ئەھ-
مىيىتىنىمۇ چۈشەنمىگەن ھەم ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنىمۇ قوزغىيالمىغانىدى. 1933 - يىلى فرانسىيە
ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر تۆگە كارۋىنى
سەھرايى كەبىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇشۇ ئەجەر تې-
غىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئېگىزلىكتە نەچچە كىلومېتىر
ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان قىيا تالاشلاردىكى رەسىملەر توپىنى
بايقاپ قالدى ۋە ئۇلار بۇ مۇھىم بايقاشنى دۇنياغا ئېلان
قىلىۋەتتى. 1956 - يىلى فرانسىيەنىڭ يەنە بىر ئېكسپېدىت-
سىيە ئەترىتى سەھرايى كەبىرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يەنە
10مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قىياش تاش رەسىمنى بايقىدى.





ئۇلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى نادىر رەسىملەرنى نۇس-
خىۋىلىپ پارىژغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن پارىژلىقلار زىل-
زىلىگە كەلدى.كېيىن سەنئەتكارلار بىلەن فوتوگرافلاردىن
تەشكىللەنگەن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى يەنە ئاجەرگە
كېلىپ، بۇ قىيا تاش رەسىملىرىگە قارىتا بىر يىلدىن
ئارتۇق تەتقىقات ۋە تەقلىدىي ئىزىنى چۈشۈرۈش خىزمەت-
لىرىنى ئىشلىدى. بۇ ئىزى ئېلىنغان رەسىملەر ۋە فوتو
سۈرەتلەر ياۋروپا ئەللىرىدە كۆرگەزمە قىلىنغاندىن كېيىن،
پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ھازىر ئاجەردىكى
تاسىلى دۇنيادىكى تارىختىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ قىيا تاش
رەسىملىرى مۇزېيى بولۇپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدى، بۇنىڭدىن
8000 يىل ئىلگىرى ئەڭ بۇرۇنقى چارۋىچى قوۋملار ئۆز-
لىرىنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە چارۋىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە
كەلگەن. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 7000 ـ يىلدىن، مىلادى-
يدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا،
سەھرايى كەبىر كىلىماتى ئىللىق، ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ئۆ-
سىدىغان جاي ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە 1000
يىللار ئارىلىقىدا، بۇ يەردە ياشىغان ئەجدادلار نۇرغۇنلى-
غان گۈزەل قىيا تاش رەسىملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن
بولۇپ، نۇرغۇن رەسىملەردە پىل، بېگىمۇت، كەركىدان،
زىراپە، ياۋا سۇ كالىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەندى. بۇ رەسىملەرنىڭ بەزىلىرى قىيا-
لىقلارغا سىزىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى قىيالىقلارغا ئو-
يۇلغان، ئىپادىلەش شەكلى ۋە سىزىش ئۇسۇلىمۇ خېلىلا
مۇرەككەپ، مەزمۇنىمۇ مول بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئىن-
سانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى روشەن
ئەكس ئەتتۈرۈلگەندى. تېخىمۇ خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغا-
نى شۇكى، گەرچە بۇ رەسىملەر نەچچە 1000 يىللىق كىلى-
مات ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، نۇر-
غۇنلىرىنىڭ رەڭگى يەنىلا پارقىراق، كۆركەم پېتى ساقلى-
نىپ قالغانىدى. تاسىلى رايونىدىن كىشىلەر يەنە بىر تالاي
پالتا، تاشتىن سىلىقدىلىپ ياسالغان پالتا، تاش كۈرەك قا-
تارلىق تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان سايمانلارنى
تاپقان. لېكىن بۇ قىياتاش سۈرەتلىرىگە قانداق قورال
ئارقىلىق رەڭ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا تا بۈگۈنگىچە
ھېچقانداق ماددىي ئىسپات تېپىلمىدى. ئۆسۈملۈكشۇناس-
لار قەدىمكى گۈل چېچىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شۇ
دەۋرلەردە ئاجەر ئېگىزلىكىدە شەمشاد، قارىياغاچ،
ياڭاق، ئاناناس قاتارلىق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر-
نىڭ ئىنتايىن كۆپ ئۆسكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى
بەزى دەرەخلەرنىڭ يىلتىز قالدۇقلىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ
قالغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئىسپاتلىدى.

تاسىلى قىياتاش رەسىملىرىدىكى ھايۋانات ئوبرازلى-
رى، ھايۋانات تۈرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، سۈرەتلەردە ئەكس
ئەتكەن كۈندىلىك تۇرمۇش باش تېمىلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى،
رەسىملەرنى سىزغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئالمىشىشى، رەسىملەر-
دىكى شەخسلەر قوللانغان قوراللار ۋە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت قا-
تارلىقلار شىمالىي ئافرىقا قىياتاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرىنى
بېكىتىشتە ئارخېئولوگلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوي-
نىدى. مەسىلەن، بىر قەدەر بۇرۇنقى رەسىملەردە، ئىنسان-
لار توقماق، نەيزە، تاش پالتىلارنى قورال قىلغان بولسا،
ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقيا پەيدا بولغان. ئات كۆندۈرۈلگەن
دەۋردىكى ئىنسانلار ئۇزۇن نەيزە ۋە قالقانلارنى ئىشلەت-
كەن، تاكى تۆگە كۆندۈرۈلگەن زامانلارغا كەلگەندىلا،
قالقان قاتارلىقلار تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىپ، قىلىچ ۋە
ئوتلۇق قوراللار ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالغان.

سەھرايى كەبىر قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرلىرىگە
ھۆكۈم قىلىشتا، بەزىلەر مۇنداق پەرەز قىلىشتى: ئەڭ بۇ-
رۇنقى قىيا تاش رەسىملىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە
مەنسۇپ (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 8000 ـ يىلدىن مىلادىيدىن
ئىلگىرىكى 7000 ـ يىلغىچە) يەنە بەزىلەر تېخىمۇ بۇرۇنقى
مەزگىللەرگە، يەنى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگىچە باغلاي-
دۇ. ئەڭ بۇرۇنقى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى
شۇكى، بۇ رەسىملەردە دائىم ئۇچرايدىغان ھايۋان تەسۋى-
رى بولسا، ئاساسلىقى سۇ كالىسى ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋر
«تارىختىن بۇرۇنقى سۇ كالىسى دەۋرى» دەپ ئاتالدى.
دېمەك، سۇ كالىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئەينى
زامانلاردا سەھرايى كەبىرنىڭ كىلىماتى نەم، ئىللىق، سۇ
ئېقىملىرى كۆپ رايون ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە
ئەينى چاغلارغا تەئەللۇق باشقا ھايۋان تەسۋىرلىرىمۇ بار.
مەسىلەن، كەركىدان، تۆگىقۇشى، ياۋا ئېشەك، شىر، پىل،
بېگىمۇت، بۆكەن قاتارلىقلارمۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە
كۆپ ئۇچرايدۇ.

مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 355 ـ يىلدىن مىلادىيدىن ئىل-
گىرىكى 1200 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا سىزىلغان

قىيا تاش رەسىملىرىدە سۇ كالىسى يوق بولۇپ، كىشىلەر ياپىلىتىپ يۈرگەن كالا پادىلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ دەۋر «پادىچىلىق دەۋرى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئەھۋال ئاشۇ زامانلاردىن باشلاپ سەھرايى كەبىر كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي قۇرغاقلىشىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. سۇدا ياشاپ ئادەتلەنگەن سۇ كالىسىنىڭ بۇ مەزگىللەردە ياشاشقا ئىمكانىيىتى قالمىغاندى، لېكىن پىل، كەركىدان، تۆگىقۇشى، شىر قاتارلىق ھايۋانلار بۇ دەۋردە يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. شۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسلىقى پادىچىلىق بولغاچقا، بۇ دەۋرمۇ يەنە «كالا دەۋرى» دەپ ئاتالدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىللار ئەتراپىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە ئات تەسۋىرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن، كالا تەسىرلىرىمۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بولدى. شۇڭا، بۇ دەۋر «ئات دەۋرى» دەپ ئاتالدى. بۇ چاغلاردا ئۆي ئاتلىرى، يەنى، هارۋىغا قېتىلىدىغان ئاتلار بارلىققا كەلگەنىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللاردىن كېيىنكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئات تەسۋىرلىرى تەدرىجىي يوقىلىپ، ئەكسىنچە تۆگە تەسۋىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان. شۇڭا بۇ دەۋر «تۆگە دەۋرى» دەپ ئاتالدى. دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سەھرايى كەبىر كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىشى بىلەن، ئات بۇ رايوندا داۋاملىق ياشاشقا ۋە قوللىنىشقا ماس كەلمەي قالغانلىقتىن، تۆگە پەيدىنپەي ئاتنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىغان. لېكىن تۆگىنىڭ سەھرايى كەبىرگە كىرىش دەۋرى مەسىلىسىدە ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا پەرق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق بېكىتىلگەن مەلۇمات يوق.

قىيا تاش رەسىملىرى بولسا، سەھرايى كەبىر رايونىدا ياشىغان ئەجدادلاردىن قالغان خاتىرە بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەھرايى كەبىردىكى قىيا تاش رەسىملىرى بىر خىل سېھرىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان قول-پۇت ئىزلىرى ۋە بەزى غەلىتە شەكىللەر بوغۇنگە قەدەر كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەڭ چۈشىنىكسىز بولغىنى شۇكى، رەسىملەردىكى نەيزە كۆتۈرۈۋالغان قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئارىسىدا غەلىتە، سىرلىق بىر ئادەمنىڭ تەسۋىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۈرەتتىكى ئادەم «ۋىدىماس ئىلاھ» دەپ ئاتالغان، ئۇ بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن بىر تۇتاش كىيىم كىيگەن بولۇپ، تۇرقى خۇددى ھازىرقى زاماندىكى ئالەم ئۇچقۇچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاجىبەر ئېگىزلىكىدە چوڭ ھەجىملىك يەنە بىر پارچە رەسىم بار. ئۇ رەسىمدە بىر توپ يەرلىك كىشىلەر تۇرقى قامەتلىك، باش ۋە بەدىنى بىر گەۋدىلەشكەن، بېشىدا قوش مۈڭگۈزى بار، بەش ئەزاسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر شەخسنى ئورىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۆزگىچە كۆرۈنۈش كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلىرىغا سەۋەب بولغان. بۇ ئەينى زاماندىكى كىشىلەر چوقۇنغان ئىلاھمىدۇ ياكى ئۇچىسىغا تۇتاش گەۋدىلىك بوشلۇق كىيىمى، بېشىغا ئانتېننالىق دۇبۇلغا قالپاق كىيگەن تاشقى پىلانىت ئالەم ئۇچقۇچىسىمىدۇ؟

سەھرايى كەبىردىكى قىيا تاش رەسىملىرى توپى ئارىسىدا كىشىلەر يەنە ئالاھىدە ئىككى خىل يېزىقنى ئۇچراتتى. ئۇلار سەھرايى كەبىر يېزىقى ۋە رافۇناگۇ يېزىقى بولۇپ، سەھرايى كەبىر يېزىقىنى ئىختىيارىي يازغىلى بولىدۇ، يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا يازغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە سولدىن ئوڭغا ياكى ئوڭدىن سولغا يازغىلىمۇ بولىدۇ. بۇ يېزىقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە يوق، گەرچە ئوقۇغىلى بولسىمۇ، لېكىن مەنىسىنى چۈشەنمەك ئىنتايىن مۈشكۈل. بۇ خىل سەھرايى كەبىر يېزىقىدىن كېيىن، بىر قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇلغان رافۇناگۇ يېزىقى بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن نەچچە 1000 يىللار ئىلگىرى سەھرايى كەبىر تەۋەسىدە ياشىغان ئىنسانلار بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى نېمە ئۈچۈن سىزىپ قالدۇرغاندۇ؟ بۇ بىرەر دىنىي پائالىيەت ئۈچۈنمۇ ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنمۇ؟ ۋە ياكى جەمئىيەت تۇرمۇشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈنمۇ؟ قىيا تاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن «ۋىدىماس ئىلاھ» دەپ ئاتالغان ئۆزگىچە ئادەم زادى كىم؟ بۇ سوئاللارغا تا ھازىرغىچە جاۋاب تېپىلغىنى يوق. سەھرايى كەبىرنىڭ قاقاسلىقى، كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىقى، ئادىمزاتنىڭ شالاڭلىقى كىشىلەرگە تېخىمۇ سىرلىق تەسىر بېرىدۇ. سەھرايى كەبىردىكى بۇ قىيا تاش رەسىملىرىمۇ دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزە تۇيغۇن

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)



# كەلپىننىڭ قەدىمىي كارۋان يوللىرى ۋە تۆگە كارۋانچىلىقى

مۇھەممەد توختى

كەلپىن ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا مارالبېشى بىلەن، شىمالدا قىرتاغ ئارقىلىق ئاقچى ناھىيەسى بىلەن، غەرب تەرىپى ئاتۇش بىلەن، شەرقىي شىمالدا قاراتېكە تېغى ئارقىلىق ئۇچتۇرپان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، بۇ چېگرا لىنىيەلىرىدە كەلپىن سودا كارۋانلىرى ۋە تۈرلۈك يولۇچىلار ئۈزۈلمەستىن مېڭىپ قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرگە بارىدىغان كارۋان يوللىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

كەلپىن ـ ئۇچتۇرپان يولى: بۇ يول بىلەن كەلپىندىن شىمالغا 110 چاقىرىم ماڭسا ئۇچتۇرپانغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يول ئۈچكە ئايرىلغان.

**1. غەربىي شىمالىي يول.** بۇ ئەينى چاغدا كارۋانلار ئەڭ كۆپ ماڭغان ئاۋات يول بولۇپ، بىۋاستە ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يول كەلپىندىن شىمالغا مېڭىپ سەرەم، توڭگۇزبۇرۇن، ھەرەمجانلاردىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلۇپ، تىرەكئاۋات مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ، ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان قاپچىغاي ئىچىدە

سۇ كېچىپ، ئېقىن بويلاپ قاپاق سۇندى دېگەن تارقاپچىغاي ئارقىلىق ئاق دۆڭ دېگەن جايدا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى داۋاملىق غەربكە مېڭىپ قارا ئۆتەڭ، سېغىزخان ئاتىنىڭ بېلى بىلەن غەربكە مېڭىپ ئۇچتۇرپان تەۋەسىدىكى بوزيالپاق بىلەن كۆك يالپاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن، تار كەتكەن بەل قاپچىغايدىن ئۆتۈپ شىمالغا بۇرۇلۇپ، قورۇل ئارقىلىق ئاقتوقاي يېزىسىغا بارىدۇ. يەنە بىرى شىمالغا مېڭىپ ئۇچتۇرپان تەۋەسىدىكى ئۆڭكۈر ئۆتەك، ساربەل ئارقىلىق شەھىرى بەربەرگە كېلىپ، بەربەر تېغىدىكى ئىدىقنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپ غەربىي يول بىلەن بىرلىشىپ قورۇل ئارقىلىق ئاقتوقاي يېزىسىغا بارىدۇ، بۇ يول كارۋانلار قاتنايدىغان غول يولدۇر.

**2. شىمالىي يول.** بۇ يول كەلپىننىڭ شىمالىدىكى مورى ۋە مەمەتتوقاي ئارقىلىق داۋاملىق شىمالغا مېڭىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزىسى تەۋەسىدىكى ئاتيايلاق، كۇنگەي قوتان، سۆگەت بۇلاق، قىزىل قوتان قاتارلىق يايلاق ئۆتەڭلەر ئارقىلىق قارا قولغا كېلىپ بۇ يەردىن كەڭ ئۇزۇن كەتكەن ساي يولى بىلەن ئاقيار يېزا مەركىزىگە بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەلپىندىن شىمالغا مېڭىپ سەرەم، تۇڭگۇز بۇرۇنلاردىن ئۆتۈپ تامچى ئارقىلىق ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزىسى تەۋەسىدىكى يايلاقلاردىن ئارپاساي، بەلئۆتەك ۋە ئىسسىقتا كېلىپ، ئۇزۇن ساي يولى بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئاچاتاغ يېزىسىغا بارىدىغان يول. بۇ يول ئۇزۇن ھەم تىك داۋانلىرى كۆپ بولغاچقا ئاساسلىقى چارۋىچىلار ماڭغان.

**3. شەرقىي شىمالىي يول.** بۇ يول كەلپىندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ ھاشىم قۇدۇق ۋە بەلقۇمنى كېسىپ، ئاچال يېزىسى تەۋەسىدىكى كونا چىلان كەنتىگە كېلىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئىڭگەنگە كېلىپ، بۇ يەردىن ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزىسى تەۋەسىدىكى قۇرۇق ئۆزۈم كەنتىگە كېلىپ، كەڭ ئۇزۇن ساي يولى بىلەن داۋاملىق شىمالغا مېڭىپ، ئاقيار يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى خاڭدى كەنتىگە بارىدۇ. بۇ يول تۈز ھەم بىخەتەر بولغاچقا ئىككى ناھىيەنىڭ ئالاقىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

كەلپىن- مارالبېشى يولى بۇ يول، كەلپىندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ غالتەكنىڭ دېڭى، ئاچالدىن ۋە قارا كۆل توغراقلىقىدىن ئۆتۈپ ياقا قۇدۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن سېسىققۇدۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن چېدىركۆلگە، بۇ يەردىن تۇمشۇققا، بۇ يەردىن چاھارباغقا، بۇ يەردىن مارالبېشىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنىڭ پىچاق سۇندى ئارقىلىق ئايلىنىپ ماڭىدىغان يەنە بىر بۆلىكمۇ بار بولۇپ، بۇ يول كەلپىندىن چىقىپ ئاچال ۋە قارا كۆل توغراقلىقىدىن ئۆتۈپ ياقا قۇدۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن سېسىققۇدۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن پىچاق سۇندىغا كېلىپ ئاندىن تۇمشۇققا، بۇ يەردىن چاھارباغقا، بۇ يەردىن مارالبېشىغا بارىدۇ، بۇ يول تەڭتوغراق ئارقىلىق مېڭىپ مارالبېشىغا بارىدىغان يولدىن 13 يول ئۇزۇن، بۇ يوللاردا دەڭ ۋە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار.

**كەلپىندىن مارالبېشىنىڭ ئاچلىغا بارىدىغان تاغ يولى.** بۇ يول كەلپىننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لوپ دېگەن يەردىن چىقىپ، ئىنگەن تېغى، تۆۋەنكى كەلپىن تېغىنى بويلاپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تاغقا كىرىپ، چاققۇبۇلاق ئارقىلىق تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ ئاچلىغا (سانساكۇ) بارىدۇ.

**كەلپىن- ئاتۇش يولى.** كەلپىندىن ئاتۇشقا بارىدىغان ئىككى يول بار. بۇنىڭ بىرى كەلپىن ناھىيەسىدىن غەربكە مېڭىپ، گەزلىك يېزىسى ئارقىلىق قاراتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ 50 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ساغان تېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن يەنە 25 كىلومېتىر يول يۈرۈپ تاغ ئارىسىدىكى تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن يول بىلەن ئاتۇشقا بارىدىغان يول. يەنە بىرسى كەلپىن ناھىيەسىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ قىسىل تېغى ئارقىلىق سۇ بېشىغا بېرىپ، قاراتاغنىڭ شىمالىي باغرىنى بويلاپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ پاقلىق سۆگەتتىن ئۆتۈپ، سىزغان بۇلاققا بېرىپ، بۇ يەردىن يەنە نەچچە ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ ئاتۇشقا بارىدىغان يول.

**كەلپىن- قەشقەر يولى.** بۇ يول كەلپىندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ غالتەكنىڭ دېڭى ۋە ئاچالدىن ئۆتۈپ قىزىل تامغا بېرىپ، بۇ يەردىن سېسىققۇدۇققا بېرىپ، بۇ يەردىن تۇمشۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن ئوقۇمازارغا كېلىپ، بۇ يەردىن مارالبېشى بازىرىغا كېلىپ، بۇ يەردىن بەشتامغا كېلىپ، بۇ يەردىن لەنگەرگە كېلىپ، بۇ يەردىن قارا قىلچىنغا كېلىپ، بۇ يەردىن قۇم كەپىگە كېلىپ، بۇ يەردىن باشلەنگەرگە كېلىپ، بۇ يەردىن قارا سىدىققا كېلىپ، بۇ يەردىن لەنگىرىگە كېلىپ، بۇ يەردىن شاپتۇلغا كېلىپ، بۇ يەردىن ياندۇرمىغا كېلىپ، بۇ يەردىن قەشقەر شەھىرىگە

بارىدىغان يول.

**كەلپىن- ئاقچى يولى.** بۇ يول كەلپىن ناھىيەسىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ قىسىل تېغى ئارقىلىق سۇ بېشىغا بېرىپ، بۇ يەردىن سۆگەتلىككە بېرىپ، بۇ يەردىن جاغلا، مۇزلۇق، قارا سۇ ئارقىلىق قارىغايغا بېرىپ، بەلدىن ئۆتۈپ ئاقچىغا بارىدىغان يول. كەلپىندىن ئاقچىغا بارىدىغان يەنە بىر نەچچە يول بار بولۇپ، بۇ يوللار تاغ ئارىسى داۋانلىرى كۆپ بولغاچقا كارۋانلار ئانچە كۆپ ماڭمىغان.

**كەلپىن- ئاقسۇ يولى.** بۇ يول كەلپىندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ غالتەكنىڭ دېڭى ۋە ئاچالدىن ئۆتۈپ كۆلگە كېلىپ، بۇ يەردىن كونا چىلانغا كېلىپ، بۇ يەردىن شوتا- قۇدۇققا كېلىپ، بۇ يەردىن ئايكۆلگە كېلىپ، بۇ يەردىن ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىگە) بارىدىغان يول.

### تۆگە كارۋانچىلىقى

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان. يەر كۆلىمىنىڭ 72.4% نى تاغلىق، چۆللۈك جايلار، 27.6% نى تۈزلەڭلىك ئىگىلەيدۇ. ناھىيە غول قاتناش لىنىيەسىدىن يىراقتا بولغاچقا كەلپىن خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئۈچ خىل ئىگىلىكنى بىر گەۋدە قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ئىقلىم، تەبىئىي شارائىت، يايلاق تىپى قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلار ھەم تۆگىنىڭ چۆل- باياۋانلاردا يايلاشقا ماس كېلىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە كەلپىن خەلقىنىڭ تۆگە بېقىشنى ياخشى كۆرىدىغان خاراكتېرى سەۋەبلىك كەلپىن ناھىيەسى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە، ھەتتا ئاپتونوم رايون بويىچىمۇ تۆگە ئەڭ كۆپ بېقىلىدىغان ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. 1920- يىلى كەلپىندە بېقىلىۋاتقان تۆگە 3500 ئەتراپىدا بولۇپ، تۆگە كارۋانچىلىقىمۇ تازا گۈللەنگەن بۇ مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيەسىدىكى داڭلىق باي، مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەد ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر تۆگە كارۋانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرگە ئۆز كارۋانلىرىنى ماڭدۇرۇپ تۇرغان، بۇ ئارقىلىق كەلپىن خەلقىنىڭ تۆگە كارۋانچىلىقى بىلەن سودا قىلىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاش يوللىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. 1930- يىللارنىڭ بېشىدا مەھەممەد ھاجى، توختى بوجاڭلارنىڭ 200- 250 تۆگىدىن تەركىب تاپقان كارۋانلىرى كەلپىن- ئاقسۇ، ئاقسۇ- باي، كەلپىن- ئۇچتۇرپان، كەلپىن- مارالبېشى، كەلپىن- ئاتۇش، كەلپىن- ئاقچى ئارىلىقلىرىدا قاتناپ، كەلپىننىڭ گۆلە- قاقلىرى، يۇڭ، تېرە، ئۇچەي، تىۋىت، چۈپۈر ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى يۇقىرىقى جايلارغا ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇپ كەلپىنگە ئېلىپ كېلىپ، كەلپىن دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇمىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن تۆگە بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ھەم «خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قوشۇنلىرىغا، ئاقسۇ- كۇچا، ئاقسۇ- ئۇچتۇرپان ئارىلىقىدا، ئوزۇق- تۈلۈك توشۇپ بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن»①. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي «شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى- شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇرۇلغان. 1921- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى- شىنجاڭ سودا شىركىتى ئاقسۇدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرغان. 1933- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاشقى سودا ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەدەل چېگرا ئېغىزىنى رەسمىي ئېچىۋەتكەن»②. بۇ يولنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى سودا- تىجارەت، كىراكەشلىك قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلگەن «كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىسىدىن توختى تالىپ، مېھمان ئاخۇن، سابىر ئاخۇن، مەھەممەد قۇلى، يۇرچى يېزىسىدىن مەھەممەد ھاجى، ھەمە جىسا، ھاپىز ئاخۇن، مەھەممەد سىدىق ئاخۇن قاتارلىق 20- 30 نەپەر كىشى بىر قانچە ئون قاتار تۆگە بىلەن كەلپىن- ئۇچتۇرپان، ئۇچتۇرپان- قارا قول ئارىلىقىدا كارۋانچىلىق ۋە كىراكەشلىك تىجارىتى قىلغان»③. بۇ چاغدا كەلپىن ۋە ئۇچتۇرپاندىن يەرلىك مەھسۇلاتلار، ئات، كالا، قوي تېرىلىرى يۇڭ، چۈپۈر، تىۋىت، ئۇچەي، ئۈن، گۈرۈچ، ھەر خىل سەي- كۆكتات قاتارلىق ماللارنى بەدەل چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قارا قول شەھىرىگە توشۇغان ھەم ئۇ يەردىن (قارا قولدىن) قەنت، شېكەر، گەزمال، سەرەڭگە، سىر، ئەينەك، ئاق قاڭالتىر، تۆمۈر ھەرە، تۆمۈر كارىۋات، چىراغ، مىخ، ئۆي جابدۇقلىرى قاتارلىق ماللارنى ئۇچتۇرپانغا توشۇغان. «ئۇچتۇرپان- قاراقول يولى قار

مۇزلۇق، ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس، جاپالىق ھەم خە-
تەرلىك تاغ يولى بولۇپ، ئۈچتۇرپاندىن قارا قولغا 10-،
11 كۈنلەردە بېرىپ، يەتتە-سەككىز كۈنلەردە (قايتىشتا
يول پەسلەپ ماڭغاچقا تېزرەك مېڭىپ بالدۇر كېلەتتى)
قايتىپ كەلگەن. ئۈچتۇرپاندىن يولغا چىققاندىن كېيىن
ئىسلىق دېگەن جايدا مۇقىم تۇرالغۇ بولسىمۇ، باشقا جاي-
لاردا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئادەم بولمىغاچقا، كارۋانلار
بېرىپ-كېلىش يولىدا قار-مۇزلارنى تازىلاپ قونالغۇ
ئورنى تەييارلاپ، چېدىر تىكىپ، يېتىپ-قوپاتتى. ئۈچتۇر-
پاندىن قارا قولغا بىر كىلوگىرام يۈك كىراسى بىر يۈەن،
قارا قولدىن ئۈچتۇرپانغا بىر كىلوگىرام يۈك كىراسى 0.70
يۈەن بولغان.»④ بۇ يولدىكى كارۋانچىلىق، سودا-تىجا-
رەت كىراكەشلىك ئىشلىرى 1930-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغ-
چە داۋاملاشقان بولۇپ، كەلپىندىكى كارۋانچىلىق تىجارد-
تى قىلىدىغانلار خېلى ئوبدان بېيىپ قالغان. ئۈچتۇرپان -
قارا قول يولى ئېتىلىپ قەشقەر-ئەركەشتام يولى ئېچىلغاند-
دا كەلپىن كارۋانلىرى كەلپىن قەشقەر، قەشقەر-ئەركەشتام
ئارىلىقىدا كارۋانچىلىق تىجارىتى قىلىشقا باشلىغان. بۇ قې-
تىمقى كەلپىن-قەشقەر، قەشقەر-ئەركەشتام كارۋانچىلىق
تىجارىتىگە، كەلپىننىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرىدىن «خۇداقۇ-
لى ھاجى، سايىم ھاجى، قۇربان بوجاڭ، ھەمەر جىسا،
مېھمان شاڭيو، ئەيسا شاڭيۇ، ھەققۇلى ئەپەندى، يۇنۇس-
لاق، توختى تالىپ، سابىر ئاخۇن، مېھمان ئاخۇن،
سەمەت قۇلى قاتارلىق 30-40 كىشى ئۆزلىرىدىن كارۋان
بېشى تەيىنلەپ 600-700 تۆگە بىلەن ھەيۋەتلىك كارۋان
قوشۇنى بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئۈچ-تۆت يىل كارۋانچىلىق
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ تىجارەتتە ئۇلار راسا
بېيىپ، ئۇلار بىر تۆگە يەنە بىر نەچچە تۆگە كەلگۈدەك
ئىقتىسادقا ئىگە بولغان»⑤. قەشقەر بىلەن ئوش شەھرى
(قىرغىزستان تەۋەسىدىكى شەھەر) ئوتتۇرىسىدىكى تارد-
خىي يول قەشقەر-ئەركەشتام كارۋان يولى-قەشقەردىن
چەت ئەلگە سوزۇلغان تاغ-داۋانلىق تاشقى يوللارنىڭ
ئەڭ ئۇزۇنى. كەلپىن كارۋانلىرى قەشقەر-ئەركەشتام يو-
لىدا يەرلىك مەھسۇلاتلار ئات، كالا، قوي تېرىلىرى،
يۇڭ، چۇپۇر، تىۋىت، ئۈچەي، ئۇن ۋە باشقا ماللارنى
ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردىن سانائەت ماللىرى ۋە تۇرمۇش
بۇيۇملىرى چىنە قاچا-قۇچا قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ
كەلگەن. بۇ يول قەشقەردىن مۇشقىچە 55 چاقىرىم،
مۇشتىن ملىڭ يولغىچە 40 چاقىرىم، ملىڭ يولدىن كانسۇغ-
چە 60 چاقىرىم، كانسۇدىن قوغۇشۇن كانغىچە 45 چاقى-
رىم، قوغۇشۇنكاندىن ئوقسالۇرغىچە 54 چاقىرىم، ئوقسا-
لۇردىن سارقان چاتقىچە 44 چاقىرىم، سارقان چاتتىن ئۇ-
لۇغچات قورغىنىغىچە 46 چاقىرىم، ئۇلۇغچات قورغىنىدىن
جىيىنغىچە 42 چاقىرىم، جىيىندىن ئەركەشتامغىچە 46 چاقى-
رىم بولۇپ قەشقەر شەھرىدىن ئەركەشتامغىچە بولغان مۇ-
ساپىسى 432 چاقىرىم، مۇلازىمەت ئۆتەڭلىرى يۇقىرىقى-
لاردىن ئىبارەت، بۇ يولدا ياز ئايلىرى كەلكۈن كۆپ بو-
لىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈز ۋە ئەتىياز ئايلىرى ئاساسي
قاتناش ۋاقتى قىلىنغان.

« 1941-، 1942-يىللىرى سوۋېت قازاقىستان رىس-
پوبلىكىسى بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىر قىسىم كارۋانلار-
نى تۆگىلىرى بىلەن قازاقىستاندا توختاملىق ئىشچى ھېسا-
بىدا ئىشلەشكە توختاملاشقاندا، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ قاشىې-
رىق كەنتىدىن توختى تالىپ، يۇنۇسلاق، ھەمەر ئاخۇن
قاتارلىق كىشىلەر 50 تىن ئارتۇق تۆگە بىلەن قازاقىستان-
نىڭ ئوش شەھرىدە سەككىز ئاي توختاملىق ئىشچى
بولۇپ كىراكەشلىك قىلغان. ئۇلار بۇ سەككىز ئاي ۋاقىتتا
ھەر بىر تۆگىنىڭ تاپقان پۇلىغا يەنە بىر تۆگە كەلگۈدەك
ئىش ھەققىگە ئېرىشىپ قايتىپ كەلگەن»⑥. « 1943-
يىلى شىڭ شىسەي، كومپارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭ-
سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى
ئۈزگەن. بۇ ۋەجىدىن بەدەل ئېغىزىنى تاقىۋەتكەن»⑦.
شىنجاڭ-سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسى-
ۋىتى ئۈزۈلۈپ بەدەل ۋە ئەركەشتام ئېغىزلىرى تاقالغاند-
دىن كېيىن كەلپىن كارۋان تىجارەتچىلىرى قەشقەردىن ئۈ-
رۈمچى، قەشقەردىن قومۇل، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيە-
لىرىگە ۋە قەشقەر-كەلپىن ئارىلىقلىرىدا كارۋانچىلىق تىجا-
رىتى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ جەرياندا بەزى كارۋان تىجا-
رەتچىلىرى خېلى زور ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندىن سىرت،
باشقىلارمۇ ئىقتىسادىنى خېلىلا ياخشىلىۋالغان. « 1944-
يىلىنىڭ ئاخىرى كەلپىن كارۋانلىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ
قىسىملىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچراپ قوراللىق ئەسكەر-
لەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، غۇلجا،

ئالتاي ۋە چۆچەكلەرگە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوق-
دورىلىرىنى توشۇشقا مەجبۇر بولغان. كارۋانلارنىڭ يېمەك-
ئىچمىكىگە تۇشلۇق راسخوت بەرگەندىن باشقا تۆگىلەر-
نىڭ چىقىمىغا راسخوت بەرمىگەن. بۇلاردىن بىر قىسمىلە-
رى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۆگىلىرىنى ساقلاپ قالغاندىن
باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۆگىلەر ئاچلىق، كېسەل
ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن
كارۋانلارمۇ تارقىلىپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى كەلپىنگە
قايتىپ كېلەلمەي ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە باشقا جايلاردا يې-
تىمچى بولۇپ تۇرۇپ قالغان»⑧. دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان-
دىن كېيىن چېگرا ئېغىزلىرى قايتا ئېچىلىپ، كارۋانچىلىق
ئىشلىرى قايتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندا، كەلپىن تۆگە
كارۋانچىلىرى يەنە قايتىدىن بۇ سودىغا ئاتلىنىپ، قەشقەر-
نى مەركەز قىلىپ، كەلپىن-ئۇچتۇرپان، ئۇچتۇرپان-قارا-
قول، كەلپىن-قەشقەر، قەشقەر-تورغات، تورغات-تاشقور-
غان، تاشقورغان-مىلىڭ تېكە، تاشقورغان-غونجىراپ،
قەشقەر-كانسۇ يوللىرىدا كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ
1958-يىلىغىچە كارۋانچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللان-
غان. مۇشۇ قىسقىغىنە سەككىز يىل ئىچىدە كەلپىندە كار-
ۋانچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 40-50 كە،
ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى 700-800 گە يەتكەن. كارۋانچىلىق
سودا ئالاقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، خەلق ئې-
گىلىكى جانلىنىپ، بازارلار ئاۋاتلاشقان ھەم خەلق تۇرمۇ-
شى پاراۋانلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. كەلپىن تۆگە كارۋان-
چىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، كەلپىننىڭ مەدەنىيەت، ما-
ئارىپ، ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلىرىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر-
لەرنى كۆرسەتكەن. كارۋانلار بۇياقتىن يۇڭ، تېرە،
ئۈچەي، تىۋىت، چۈپۈر ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى
قاراقول ۋە ئوش شەھەرلىرىدىن سانائەت ماللىرى بىلەن
بىللە پاتېفون ۋە ھەر خىل كىتابلارنىمۇ بىللە ئېلىپ
كەلگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزگە-
رىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. بولۇپمۇ كەلپىن نا-
ھىيەسىدە 1934-يىلى قۇرۇلغان تۇنجى يەنني باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش قوراللىرى، قەغەز، قەلەم، سىياھ قا-
تارلىقلار كارۋانلار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈ-
رۈلۈپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىر قەدەر
ياخشى بولغان شارائىت تۇغۇلغان. دېھقانلار تۇرمۇشىدىمۇ
بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى
ئەينەك دېرىزىلىك، قوش قانات ئىشىكلىك، ۋاسا جۈپ،
سۇرۋاسلىق يېڭى پاسوندىكى ئۆيلەرگە تەرەققىي قىلغان.
ئۆيلەرگە مەش قويۇپ ئىسسىنىش، كالىڭ، سۇپىدا يېتىشتىن
كارىۋاتتا يېتىشقا، ياغاچ قاچا-قۇچا ئورنىغا چىنە-چەينەك
ئىشلىتىدىغان، قولدا تىكىلگەن كىيىم-كېچەك ئورنىغا ما-
شىنا بىلەن سىپتا تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش، خۇرۇمدىن
تىكىلگەن ئۆتۈك، بەتىنكە، توپلەي، مەسە-كالاچ قاتار-
لىق ئاياغ كىيىملەرنى كىيىدىغان، چىبەرقۇت، دۇراپ،
سوكنا، سارجا قاتارلىق يۇڭ رەختلەرنى، غىزىم رومال،
گىربىشىن، ئەنگىلىشىن قاتارلىق يىپەك گەزلىمىلەردىن كى-
يىملەرنى كىيىش ئومۇملىشىپ كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق
بېغىشلايدىغان يېڭىچە تۇرمۇش بارلىققا كەلگەن. قىسقىسى
ئەينى چاغدىكى كەلپىن تۆگە كارۋان تىجارەتچىلىرى كەل-
پىننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتى ئۈچۈن زور ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئىزاھاتلار:

①، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑧: سامساق ئىبراھىم «كەلپىن ناھە-
يەسىنىڭ تۆگە كارۋانچىلىقى توغرىسىدا»، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيال-
لىرى 36-سان: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 12-ئاي 1-
نەشرى، 176-، 177-، 178-، 179-، 180-بەتلەر.

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «مېنىڭ باللىق چاغلىرىم» قومۇل
ئەدەبىياتى ژۇرنىلى، 1997-يىللىق 1-سان.

⑦ خوجىنىياز: «يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتكەل — بەدەل-
ئارىت»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيۇ-
غۇرچە 2007-يىللىق 1-سان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 11-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

2. نىزامىدىن ھۈسەيىن: «تارىختىكى يول-مۇساپىرلىرىمىز» شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 35-سان: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

3. ئەخمەت مۆمىن تارىمى: «ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى ۋە تاشقى سودىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2014-يىلى 3-سانى.

4. «كەلپىن ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى 6-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى ساقچىخانىسىدا)

# تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشى ۋە توي مۇتىفى ھەققىدە



مېھرىبان نىياز چوغلۇق

ئېپوس قەھرىمانلىق ھەققىدىكى
داستان بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەردىن مول
تەسەۋۋۇرلارنى ئالغان. شۇنداق بول-
غاچقا، ئېپوسلار مەلۇم جەھەتتىن ئەپ-
سانىۋى تۈسكە ئىگە بولغان بولىدۇ.
تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قەدىمدىن تار-
تىپلا قەھرىمانلىق داستانلىرىغا باي
بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيە-
لىك ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.
شەرق-غەرب ئۆتۈشۈشى ۋە يايلاق
مىللەتلىرىنىڭ بۇ جايدىكى پائالىيىتى
قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بارلىققا كې-
لىشىدىكى مۇھىم شارائىت ھېسابلىنىدۇ.
«ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ۋە
ئىچكى ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق يۈ-
رۈشلىرى دۇنيا ئېپوس دەۋرىنى يۇقى-
رى پەللىگە كۆتۈردى». ئەلۋەتتە
تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېپوس
دەۋرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشتە
قوشقان تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بول-
مايدۇ. بىر قوۋم تاجاۋۇزچىلارغا
قارشى ئۆچ ئېلىپ، سىياسىي ئورنىنى
تىكلىمەكچى بولسا ياكى بىر جايدىن
باشقا بىر جايغا كۆچكەن بولسا، بۇ
جەرياندا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بار-
لىققا كېلىشى مۇمكىن. قەھرىمانلىق ئې-
پوسلىرىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي ئې-
تىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، پىسخىك كە-
چۈرمىشلىرى. مەدەنىيىتى، كۆچۈش
ئەھۋالى ۋە تەكرار قوللىنىپ كېلىۋاتقان
ۋەقەلەر ناھايىتى قويۇق ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن بولىدۇ. بۇ جەرياندا مۇتىف

بۇلارنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

مۇتىف — «خەلق چۆچەكلىرى، ئەپسانە، ئېپوس قاتارلىق ئېپىك ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك»دىن ئىبارەت①. ئۇ ئەسەردىكى باش تېما، ئوبراز، ۋەقەلىك ۋە ئارقا كۆرۈنۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەردە بىرىكىپ كېلىپ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن تۆۋەندە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش»، «ماناس»، «گۆر ئوغلى»، «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشتىكى مەقسىتى**

ھەرقانداق بىر ئېپوس قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. قەھرىمانلار سەپەرگە ئاتلىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ، تولۇقلايدۇ. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى ھەر خىل ئېپوسلاردا ھەر خىل مەقسەتتە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ كۆپ دۇچ كېلىدىغان مەقسىتى يەنىلا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ۋە توي قىلىشتىن ئىبارەت. سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى بەزى ئېپوسلاردا ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا قىممەتكە ئىگە بولسا، بەزى ئېپوسلاردا قەھرىماننىڭ توي قىلىش جەريانىدا قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى بىر ئېپوستىكى ھەرقايسى مۇتىفلارنى زەنجىرسىمان ھالەتتە باغلاپ تۇرىدۇ.

خۇاڭ جۇڭشياڭ «قازاق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە يايلاق مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا، قازاقلارنىڭ ئېپوسلىرىنى ئاددىي قەھرىمانلىق ئېپوسى، مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسى ۋە زەنجىرسىمان ياكى كۆپ تەكرارلىنىدىغان قەھرىمانلىق ئېپوسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. ئاددىي قەھرىمانلىق ئېپوسى توي تېپىدىكى ۋە ھەربىي يۈرۈش تېپىدىكى ئىككى خىل بولىدۇ. توي مۇتىفى تۈردىكى ئېپوسلار كۈيئوغۇلنى سىناش تېپى، ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي تېپى ۋە بۇلاپ توي قىلىش تېپى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسى ھەربىي يۈرۈش مۇتىفى توي مۇتىفىغا قوشۇۋېتىشتىن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە ھەربىي يۈرۈش قىلىش ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قوشۇۋېتىشتىن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغا بۆلۈنىدۇ. زەنجىرسىمان قەھرىمانلىق ئېپوسى ئىككىدىن كۆپ بولغان ئاددىي قەھرىمانلىق ئېپوسىدىن شەكىللەنگەن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى توپلىمىدىن ئىبارەت. بۇ ئېپوسلار گەرچە ئايرىم-ئايرىم مۇستەقىل ئېپوسلار بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن باغلىنىشقا ئىگە. قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ، خۇاڭ جۇڭشياڭنىڭ بۆلگىنىگە ئاساسلىنىپ بىز تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىغا، «ماناس»، «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»نى زەنجىرسىمان مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسىغا قارىساق، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش»، «گۆر ئوغلى»نى مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسىغا تەۋە بولىدۇ دەپ قارايمىز.

مەيلى قايسى خىل تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە چوقۇم قەھرىماننىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى ئارقىلىق ئېپوس ۋەقەلىكى راۋاجلىنىدۇ. قەھرىماننىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى ئېپوسلاردىكى مەركىزىي مۇتىف. بەزى ئېپوسلاردا قەھرىمان توي قىلىدىغان قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە بۇ جەريانىدا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئېلىشىپ خەلقنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىدۇ. بەزى ئېپوسلاردا قەھرىمان خەلقنى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە بۇ جەرياندا توي قىلىدۇ. قەھرىماننىڭ يىراققا سەپەر قىلىشتىكى ھەربىي يۈرۈش قىلىش مۇتىفى ۋە توي مۇتىفىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر جەريان دەپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

«ماناس» زەنجىرسىمان مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسى، ئۇنىڭ سۇژېت ياكى مۇتىفىنى ئىپادىلىسەك مۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

قەھرىمان خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى — قەھرىماننىڭ ئاتىسى قېرىغاندا بالا تىلەيدۇ — قەھرىماننىڭ ئانىسى غەيرىي ھالدا ھامىلدار (نۇردىن) بولىدۇ. قەھرىمان غەيرىي تۇغۇلىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشى غەيرىي بولىدۇ — دادىسى بىلەن زىددىيەتلىشىدۇ. ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، سادىق دوست ۋە ئاقساقاللارنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ — تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش جەريانىدا قەھرىمان ئۆزى يەڭگەن دۈشمەننىڭ قىزىنى نىكاھىغا

ئالىدۇ — كېڭەيمىچىلىك قىلىدۇ — ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ دادىسىنىڭ سىنىقىنى ئورۇنداپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ — خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن يارىلىنىدۇ — داۋاملىق كۈرەش قىلىشنى توختاتمايدۇ.

«ئالپامىش» مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇژېت ياكى مۇتىفنى كۆرسەتسەك مۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

قەھرىماننىڭ دادىسى خان- قېرىغاندا بالا تىلەيدۇ — قەھرىماننىڭ ئانىسى غەيرىي ھالدا ھامىلدار بولىدۇ — قەھرىمانغا ئىسىم قويىدۇ — سۆيگىنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. توينىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ. دۈشمەنلەرنى يېڭىپ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ. قىزنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ — قىزنىڭ ئاتىسىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ — دۈشمەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدۇ — زىندانغا تاشلىنىدۇ — دۈشمەن كۈچىنىڭ مەلىكىسىنىڭ ياردىمىدە زىنداندىن ئازاد بولىدۇ — دۈشمەن كۈچلەرنى يوقىتىپ، ئاسايىشلىق يارىتىدۇ — قەھرىماننىڭ ئۆگەي ئىنىسى ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ، قەھرىماننىڭ ئايالىنى ئىگىللىۋالماقچى بولىدۇ — قەھرىمان باشقىلارنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، توي بولۇۋاتقان نەق مەيدانغا كېلىدۇ — رەقىبى بىلەن سىنىشىپ ئۇنى يېڭىدۇ — دۈشمەننى جازالاپ ئايالى بىلەن جەم بولىدۇ ھەممە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

دېمەك، «ماناس» زەنجىرسىمان مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسىغا، «ئالپامىش» بولسا مۇرەككەپ قەھرىمانلىق ئېپوسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئېپوسنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى خىل يۆنىلىشنى بايقايمىز. ماناسنىڭ ئىسمى تۇغۇلماستىنلا بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئالپامىشقا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاندىن نام قويۇلىدۇ. قەھرىماننىڭ ئاتىسىنىڭ بالا تىلىشى، قەھرىماننىڭ ئانىسىنىڭ غەيرىي ھالدا ھامىلدار بولۇشى، سادىق دوستلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشى قاتارلىق تەرەپلەر ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلەپ قارىساق، بۇلارنىڭ مۇتىفلىرىدا كۆپ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ماناس قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئالپامىش دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، ئەسەردىكى مەركىزىي مۇتىفنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئېپوسلارنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ قويغان. «ئالماپىش» ئېپوسىدا، ئالپامىشنىڭ 1- قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىشى بەرچىنئاينى دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. 2- قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىشى بەرچىنئاينىڭ دادىسى بايسارىنى تايچە شاھنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. ئۇ 1- قېتىمدا بەرچىنئاينى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇلدۇرغان بولسا، 2- قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ئۆگەي ئىنىسى يالىنجىقنىڭ قولىدىن بەرچىنئاينى قۇتقۇزىدۇ. سۇژېتلارنىڭ كۆپىنچىسى تويغا مەركەزلىشىپ قالىدۇ. «ماناس» ئېپوسىدا، تاجاۋۇزچىلىققا، كېڭەيمىچىلىككە ئائىت مەزمۇنلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «ئالپامىش» ئېپوسىدا، مۇھەببەت ئاساس، دۈشمەن كۈچلەرگە زەربە بېرىش 2- ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق قەھرىماننىڭ خاراكتېرى يورۇتۇلىدۇ. «ماناس» ئېپوسىدا، قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش ئاساس، مۇھەببەت 2- ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئېپوسنى باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە يەنىلا توي ۋە دۈشمەن كۈچلەرگە زەربە بېرىش، بۇ ئىككىلىسىگە ئورتاق بولغان نۇقتا. «ئالپامىش» ئېپوسىدا، توي مۇتىفى ھەربىي يۈرۈش مۇتىفى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. «ماناس» ئېپوسىدا، ھەربىي يۈرۈش موتىفى توي موتىفى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇڭا توي مۇتىفىنى بىلەن ھەربىي يۈرۈش مۇتىفىنى مەركەزلىك تەھلىل قىلىش كېرەك.

ھەرقانداق ئېپوسنىڭ چوقۇم بىر قانچە مەركىزىي مۇتىفى بولۇپ، قالغانلىرى شۇ مەركىزىي مۇتىفنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى ئېپوسلاردىكى مەركىزىي مۇتىف، ئۇنىڭ «ئەڭ قەدىمىي بولغان ئىككى خىل تىپمىسى بولۇپ، بىرى باتۇرلارنىڭ ئايال ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، يەنە بىرى باتۇرلارنىڭ ياۋۇز، ئىبلىس كۈچلەر بىلەن جەڭ قىلىشى»دۇر②. مۇشۇ مۇتىف ئاساسىدا ئاندىن ۋەقەلىك قانات يايىدۇ. ئوغۇزخان خەلققە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ياۋۇز قىئاتنى ئۆلتۈرىدۇ. تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا كۆك نۇرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ، توي قىلىدۇ. كېيىن دەرەخ كاۋىكىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغىمۇ ئاشىق بولىدۇ، توي قىلىدۇ. ئوغۇزخان ئۆز دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش، ئەتراپىدىكىلەرنى بويسۇندۇرۇش،

قوۋملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارىدۇ. ماناس موڭغۇللارنىڭ قىرغىزلارنىڭ بېشىغا سالغان كۈننى بىلگەچكە، ئۆز خەلقىنى موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش، ئار-نومۇسنى قوغداش، ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ موڭغۇل خانىنىڭ قىزى ناقىلاينى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. كېيىن ماڭغۇت ئېلىنىڭ باشلىقى بادىكۆلنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى قارا بۆرك بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا بۇخاراخانىنىڭ قىزى خانىكەينى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئالپامىش كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بەرچىنئاينى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن بەرچىنئاينىڭ دادىسى ئاكىسى بايبۆرىدىن كۆڭلى ئاغرىپ يىراققا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە موڭغۇللار دائىرىسىگە بېرىپ قالىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئىچىدىكى 99 پالۋاننىڭ بەرچىنئايغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن قىزنى تالىشىدۇ. بۇ چاغدا بەرچىنئاي ئالپامىشقا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىشىنى، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئېيتىدۇ. ئالپامىش سۆيگىنى بەرچىنئايىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. بەرچىنئاي يەنە ئادالەتسىزلىك بولمىسۇن دەپ ئالپامىش ۋە 99 پالۋاننى ئوقيا ئېتىش، بەيگىگە چۈشۈش ۋە چېلىشىشتىن ئىبارەت سىناقلار ئارقىلىق ئۆز مەيدانىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىر ئالپامىش 99 پالۋاننى يېڭىپ، بەرچىنئاي بىلەن توي قىلىدۇ. «بۇ خىل سىناق مۇتىفى، قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇق دەرىجىسىنى سىناش ئۈچۈن» ③ بولغان بولىدۇ.

«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى سالۇر قازان ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، شۆكلى خان ئۇنىڭ ئايالى، بالىلىرى ۋە خەزىنىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. سالۇر قازان بۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن شۆكلى خانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە مۇشۇ توپلامدىكى «بۆرە بەگ ئوغلى بامسى بۆگرەك»تە، شۆكلى خانىنىڭ جاسۇسى قارا نىيەتلىك قىلىپ گۈزەل قىز گۈلبانۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن توي بولغان يەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە گۈلبانۇ بىلەن بامسى بۆگرەكنىڭ 16 يىل ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بامسى بۆگرەك قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، گۈلبانۇ بىلەن قايتا توي قىلىدۇ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. گۆر ئوغلى ھەدىسى ئەزىم كۆز ئايىمنى دانىياتنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۈنجى سەپىرىنى باشلايدۇ ۋە بۇ جەرياندا دانىياتنىڭ قىزىنى بۇلاپ ئەكىلىدۇ، كېيىن بۇ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ. ئۇ ئۆز تەبىئىتىدىكى باتۇرلۇق كۈچىنى كۆرسىتىش ۋە ئەتراپتىكى ئەلنى بويسۇندۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ سەپەر جەريانىدا كوھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئاغا يۇنۇس پەرى ئۆز رازىلىقى بىلەن گۆر ئوغلىغا ياتاق بولىدۇ. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى ئايرىم-ئايرىم ئېپوسلاردا، قەھرىماننىڭ توي مۇتىفى بىلەن ھەربىي يۈرۈش مۇتىفى زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. «گۆر ئوغلى» ئېپوسىدا، توي مۇتىفى بىلەن ھەربىي يۈرۈش بىرىكىپ كېلىش، يەنە ھەربىي يۈرۈشنىڭ ئارقىدىن توي مۇتىفى كېلىش ئەھۋالى ئۇچرايدۇ.

**2. قەھرىمانلارنىڭ تويىنى ئۈچ خىل تىپقا ئايرىش**

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئېپوسلىرىغا قارايدىغان بولساق، قەھرىمانلارنىڭ توي مۇتىفىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپقا ئايرىيمىز. ئۇلارنىڭ «بىرىنچىسى، بۇلاپ توي قىلىش؛ ئىككىنچىسى، سىناپ توي قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي» ④لاردىن ئىبارەت. ئوغۇزخاننىڭ تويىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئۆز ئالدىغا قىلغان توي ھېسابلىنىدۇ. ماناس ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تويىدا، ئۇ ئەل بولغان باشلىقنىڭ قىزىنى ئالغان، بۇنى مەلۇم جەھەتتىن بۇلاپ توي قىلىشنىڭ تەسىرى دېيىشكە بولىدۇ. خانىكەي بىلەن قىلغان تويى ئۇنىڭ ئۆزى خالاپ قىلغان تويى بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي ھېسابلىنىدۇ. ئالپامىشنىڭ تويى سىناپ توي قىلىش تىپىغا تەۋە بولۇپ، بەرچىنئاي ئۆز ۋەدىسى ئۈچۈن قالماقلارنىڭ 99 پالۋانى ۋە ئالپامىشنى سىنايدۇ. ئالپامىش يەڭگەندىن كېيىن بەرچىنئاي بىلەن توي قىلىدۇ. «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى بامسى بۆگرەك بىلەن گۈلبانۇ ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقىتتا، گۈلبانۇ ئۇنىڭغا ئات بەيگىسىگە چۈشۈشنى ۋە چېلىشىشنى، ئەگەر يېڭەلىسە گۈلبانۇ بىلەن ئۇچرىشالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، شۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنى پىنھان تۇتىدۇ. گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى تەلۋە قاچار بۇ تويغا قوشۇلمىغان بولغاچقا، قورقۇت ئاتا گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى بىلەن بامسى بۆگرەكنىڭ سىنىشىشى ئۈچۈن سورۇن راسلايدۇ ۋە ئۇلارنى نەق مەيداندا ئادىل

ئېلىشىپ بېقىشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئېلىشىشتا بامسى بۆگرەك يېڭىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇلبانۇنىڭ ئاكىسى بۇلارنىڭ تويىغا قوشۇلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ سىناپ توي قىلىش تىپىغا كىرىدۇ. گۆر ئوغلى ئەزىم كۆز ئايىمنى قۇتقۇزۇشقا بارغاندا ئۇ ئايال روھىي ئازاب تو- پەيلى يۇرتقا قايتىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۆر ئوغلى دانىياتنىڭ قىزىنى بۇلاپ ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ساقلاپ تۇرۇپ ئۇ قىز چوڭ بولغاندا نىكاھىغا ئالىدۇ، بۇ خىل توي بۇلاپ توي قىلىش تىپىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاغا يۇنۇس پەرى بىلەن توي قىلىشى ھەممىنى ئۆز ئالدىغا قىلغان توي تىپىغا كىرىدۇ.

ئوغۇزخان، ماناس، گۆر ئوغلى، «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى»دىكى بامسى بۆگرەك قاتارلىقلارنىڭ سەپەر- گە چىقىش مەقسىتى ئايال ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش، باياشات، ئەركىن، خاتىرجەم تۇر- مۇشقا ئېرىشتۈرۈش، قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش، زېمىن كېڭەيتىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان. بۇ جەرياندا قەھرى- مانلار باتۇرلۇقنى نامايان قىلغان، توي قىلغان، ئۇلارنىڭ توي قىلىشى باتۇرلۇق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ قالغان چۈنكى قىزغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلگەن. بۇ قانلىق كۈرەش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قەھرىمانلارنىڭ با تۇرلۇقى بىلەن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىش-يېڭى- لىشنى بەلگىلىگەن. نەتىجىدە قەھرىمانلارنىڭ كۈرەشتە غالىب كېلىپ قىزغا ئېرىشىشى بىلەن شۇ بىر ئەلنى بويى- سۇندۇرۇپ ئەل قىلىشى بىر-بىرىنى تولۇقلىغان ھەم قەھ رىمانلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، «ئاپالمىش» ئايال ئۈچۈن كۈرەش قىلىش شەكلىدىكى ئېپوسقا تەۋە بولسىمۇ، ئالپامىش بەرچىنئايىنى قۇتقۇزۇشقا بارغان بولسى- مۇ، لېكىن ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆزبېكلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. قالماقلارغا زور دەرىجىدە زەربە بېرىپ، تايچە پادىشاھلىقنى ۋەيران قىلغان. ئالپامىشنىڭ ۋە بەرچىنئاينىڭ تۇتقان يولى ۋەتەن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن چوڭقۇر مۇھەببەت بولۇپ، بۇنىڭدىن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇڭا بۇ ئېپوس توي مۇتىفى بىلەن ھەربىي يۈرۈش مۇتىفى بىر- لەشتۈرۈۋېتىلگەن ئېپوس ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، قەھرىماننىڭ يىراققا سەپەر قىلىشتىكى ھەربىي يۈرۈش قىلىش مۇتىفى ۋە توي قىلىش مۇتىفىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر جەريان دەپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

قەھرىمانلارنىڭ توي مۇتىفىنى چۈشەندۈرگەندە، يەنە تۆۋەندىكى قۇرۇلمىنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

قەھرىمان دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلى- نىپ يىراققا ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە نەزەربەنت قىلىنىدۇ ياكى يىراققا دۈشمەن كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ — قەھرىمان زىندانغا تاشلىنىدۇ — دۈشمەن كۈچنىڭ مەلىكىسى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ — يۇر- تىغا قايتىدۇ — قەھرىماننىڭ ئۆگەي ئىنىسى ياكى باشقىلار قەھرىماننىڭ ئايالىنى ئىگىلىۋالماقچى بولىدۇ — قەھرىمان باشقا بىر سالاھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرى- دۇ — تويدىكى سىنىشتا قەھرىمان دۈشمەن كۈچلەرنى يېڭىپ، ئۇلارنى جازالايدۇ ۋە ئايالى بىلەن جەم بولىدۇ.

«ئاپامىش» ئېپوسىدا، ئالماپىش بەرچىنئاينىڭ داد- سى بايسارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. يولدا سۇرخەيىل موماينىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ كېتىپ، 40 ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇلار ئالپامىشنى ئۆلتۈرەل- مەي، ئاخىر ئۇنى زىندانغا سالىدۇ. ئۇ تايچە شاھنىڭ قىزى تاۋكا ئايىمنىڭ ياردىمىدە قۇتۇلۇپ، تايچە شاھنى يوقىتىدۇ. تاۋكا ئايىمنىڭ ئالپامىش بىلەن توي قىلغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئالماپىش ئۇنى قوڭغۇر بايغا ئېلىپ بېرى- دۇ. يۇرتىغا قايتىپ كەلسە ئۆگەي ئىنىسى بەگلىكنى ئىگى- لەپ، بەرچىنئايىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان توي ئۇس- تىگە كېلىدۇ. ئۇ قۇلتاينىڭ سالاھىيىتىدە ئالپامىشنىڭ ئوق- ياسىنى ئېتىپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرىدۇ، بەرچىنئاي بىلەن ئۆلەڭ ئېيتىشىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە بەرچىنئاي بىلەن قايتا توي قىلىدۇ.

«بۆرە بەگ ئوغلى بامسى بۆگرەك»دە. بامسى بۆگرەك دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ ۋە زىن- دانغا تاشلىنىدۇ. دۈشمەن مەلىكىسى ياردەم قىلىپ قۇتقۇ- زىدۇ. يۇرتىغا قايتسا يالنجىقنىڭ گۇلبانۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان توي ئۈستىگە بېرىپ قالىدۇ، تويغا بىر ساراڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ بارىدۇ ۋە كۆيۈ ئوغۇل بىلەن ئوقيا ئېتىشتا بەسلىشىپ ئۇنى يېڭىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى جازالايدۇ. ئاندىن دۈشمەن ئېلىگە بېرىپ، ئۇلارنى

يوقىتىدۇ ۋە ۋەدىسى بويىچە دۈشمەن مەلىكىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىرىدا گۈلبانۇ بىلەن توي قىلىدۇ.

**3. قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىشكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ۋەقەلىك**

يۇقىرىقى بۇ سيۇژىتلار ئېپوس ۋەقەلىكىنى ئىككىنچى باسقۇچلۇق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرىدۇ. بۇ سيۇژىتلار ياكى مۇتىفلار تويغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، توي يەنە زوراۋانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىمۇ ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ۋەقەلىكىنىمۇ تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

قەھرىمانلارنىڭ توي تېپى يۇقىرىقىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىناق توي مۇتىفىنى يەنە ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى توي قىلىدىغان قىزنىڭ ئاتىسى ئوتتۇرىغا قويغان سىناق، يەنە بىرى توي قىزنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان سىناق.

ماناس» ئېپوسىدا، ماناس ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى خانىكەينىڭ ئاتىسى قاراخاننىڭ تويلۇقنى ھەددىدىن جىق سېلىش سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ تويى بولىدىغان قىزنىڭ ئاتىسى ئوتتۇرىغا قويغان سىناق توي ھېسابلىنىدۇ. ماناس ئەلنىڭ ياردىمىدە خانىكەينىڭ دادىسىنىڭ تەلپىنى ئورۇندايدۇ ۋە ئۇنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ تويىنى قىلىدۇ. يەنە بىرى قىزنىڭ سىنىقى بولۇپ، بۇ سىناق توي مۇتىفىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالپامىش بەرچىنئاينىڭ تۆت خىل شەرتىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. باي بۆرى ئوغلى بامسى بۆگرەكمۇ گۈلبانۇنىڭ سىنىشىش تەلپىنى قوبۇل قىلىپ، ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىدۇ. سىناق توي مۇتىفى قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھەرقانداق ئېپوسنىڭ چوقۇم مەركىزىي مۇتىفى بولۇپ، قالغانلىرى شۇ مەركىزىي مۇتىفنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»نى مىسالغا ئالساق، «ئوغۇزخاننىڭ توي قىلىش مۇتىفى ۋە ھەربىي يۈرۈش قىلىش مۇتىفى ئۇنىڭدىكى مەركىزىي مۇتىف»تۇر⑤. توي قىلىش ۋە ھەربىي يۈرۈش قىلىش ياكى ھەربىي يۈرۈش قىلىش ۋە توي قىلىش ئېپوسلاردىكى ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان، ئۇلارنى بىر يىپقا تىزىدىغان ئاساسىي ئامىل. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق ھەرقايسى مىللەت ئېپوسلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى دۇنيادىكى باشقا جايلاردا بايقالغان ئېپوسلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ھەربىي يۈرۈش ۋە مۇھەببەت»⑥تىن ئىبارەت. ئۇلار ھەربىي يۈرۈش ۋە مۇھەببەت ئاساسىدا قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئېپوسنىڭ قايسى تىپتىكى ئېپوس ئىكەنلىكىنى بېكىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە توي ۋە ھەربىي يۈرۈش سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفىدىن ئىبارەت بىر مۇتىفنىڭ ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ.

قەھرىمانلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى قەھرىمانلارنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش مۇتىفى ۋە توي مۇتىفى ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. سەپەرگە ئاتلىنىش مۇشۇ ئىككى مەقسەت ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى ھەربىي يۈرۈش مۇتىفى ۋە توي مۇتىفىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئىككى مۇتىفنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

ئىزاھاتلار:

① ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي، 198-بەت.

② رىنچىن داۋئېرجى: «بۇلاپ توي قىلىش تىپىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «— مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005-يىل 3-سان.

③ خۇاڭ جوڭشياڭ: «قازاق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە يايلاق مەدەنىيىتى»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى، 2007-يىلى 5-ئاي، 253-بەت.

④ قۇربان مەتتۇردى، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى ‹ئوغۇزنامە›نىڭ مەركىزىي مۇتىفى تەھلىلى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006-يىلى 3-سان.

⑤ قۇربان مەتتۇردى. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانى ‹ئوغۇزنامە›نىڭ مەركىزىي مۇتىفى تەھلىلى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006-يىلى 3-سان.

⑥ ئادىل جۇمە تۇردى: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى 12-ئاي، 64-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2014-يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى)

# خۇيزۇ خەلقىنىڭ «خۇائېر» ناخشىسى ھەققىدە




«خۇائېر» ناخشىسىنى ئېيتىش مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، شەنشى قاتارلىق ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، چاڭزۇ، زاڭزۇ، دۇڭشياڭزۇ، سالا، بونان، يۇغۇر، تۇزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئېيتىلىدىغان بىر خىل تاغ ناخشىسىدۇر.

«خۇائېر» ناخشىسىنى ئېيتىش، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدىن كېلىپ چىققان، ئوخشىمىغان مىللەتلەر قەلبىدىكى ئورتاق مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«خۇائېر»نىڭ پەيدا بولغان ماكانى — گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق رايونلاردىكى «خۇائېر» ناخشىسىنى ئېيتقۇچىلار ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، «خۇائېر»غا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، كۈندىن - كۈنگە تەسىر كۈچى زورايدى. ئۇ ھازىر مەملىكىتىمىز بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، دۇنيا غەيرىي - ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تىزىملىكىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا خەلقىگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلىنىپ، يەر - جاھانغا ئۆزىنىڭ خۇش ھىدىنى چاچماقتا.

مەملىكىتىمىزدە «خۇائېر»نىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى يەنىلا خەلق ئارىسىدا، غەربىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىن دىلى بىلەن ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. «خۇائېر» ناخشىسىنى ئۆگىنىش، قوشاق ئۆگىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇ مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن، بۇ جەھەتتە زور بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن. «خۇائېر»غا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 1470 - يىلى پۈتۈلگەن، يەنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ چيەنزۇڭ چېنخۇا يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

نەچچە 100 يىل مابەينىدە «خۇائېر» ناخشىسى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان مېلودىيەسى ۋە تىل بايلىقىنى ئىپادىلەيدىغان تېكىستى بىلەن زامان ۋە ماكانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئوخشىمىغان رايونلاردا توپلىشىپ ياشايدىغان كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. شۇڭا سىرتقا قاراپ ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ، «خۇائېر»دىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى ھاسىل قىلغان. ئەگەر بىز گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيانى

تەمسىل قىلىپ، «خۇائىبر» مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان مەركىزىي رايون دەپ ئالساق، ئۇنداقتا ئۇ شىنجاڭ، شەنشى، سىچۈەن، شىزاڭ قاتارلىق رايونلارنىڭ مەدەنىيەت بەلبېغىغا تارقالغان. بۇ رايونلاردا ياشايدىغان ھەر مىللەت خەلقمۇ ئوخشاشلا «خۇائىبر»غا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇچى، شۇنداقلا ۋارىسلىق قىلغۇچىدۇر.

شىنجاڭ خۇيزۇ «خۇائىبر» ناخشىسىنى ئېيتىش شىنجاڭدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە رايون خاسلىقىغا ئىگە بىر سەنئەت. شىنجاڭ «خۇائىبر» ناخشىسىنى ئېيتىش، مەملىكەتلىك غەيرىي - ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش تۈرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگەن بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «خۇائىبر» ئېيتىش تەكلىپلىك مۇسابىقىسى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش شۇنداقلا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە 2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە قومۇل شەھرىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە قومۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ خۇيزۇ «خۇائىبر» ناخشىسىنى ئېيتىش تەكلىپلىك مۇسابىقىسى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ما شيۇگۇ ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جاڭخۇا قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ئىلى، سانجى، بايىنغولىن، بورتالا ئوبلاستى، تۇرپان، قومۇل، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىن خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، مياۋزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن 35 نەپەر ماھىر قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ما خۇڭلىيەن، خې چىڭياڭ، ما جۈن ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ما لياڭيۇ قاتارلىق ناخشىچىلار مۇكاپاتلاش كېچىلىكىدە نادىر نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مۇزىكانت، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇسرەت ۋاجىدىن ۋە شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئىجادىيەت تەتقىقات بۆلۈمىدىن ما چېڭشياڭ قاتارلىق سەككىز نەپەر باھالىغۇچىلار گۇرۇپپىسى نەق مەيداندىكى نەچچە يۈز تاماشىبىنلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، نەق مەيداندا نومۇر قويۇپ ئېلان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاخىرقى نەتىجىنى ئېلان قىلدى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن كەلگەن جاڭ جيەنبو ئالاھىدە مۇكاپاتقا؛ ئۈرۈمچى قومۇلدىن قاتناشقان ليۇ چاۋ قاتارلىق ئىككى ماھىر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ شياۋ خۇي قاتارلىق تۆت ماھىر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ قەدىرىيە ئەركىن، باخۇڭجې قاتارلىق ئالتە ماھىر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇكاپات بۇيۇمى ۋە مۇكاپات سوممىسى بىلەن تارتۇقلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 22 نەپەر ماھىر ۋە ئىككى كوللېكتىپ خور ئېيتىش گۇرۇپپىسىدىكى ماھىرلار مۇنەۋۋەر ماھىر بولۇپ باھالاندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل ۋىلايىتى قاتارلىق تۆت ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق مۇسابىقە پائالىيىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە غەلىبىلىك ھالدا ئاياقلاشتى.

**مېھرىنگۈل قادىر خەۋىرى**

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)



## ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئىتى - خوتەن قەغىزى




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040